

# ئخمەتجان قاسمی ھەققدە ھېكايلەر (2)

ئابدۇراخمان ئەبەي

# ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر

(٥)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1986 - يىل، ئۈرۈمچى

# ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر (2)

ئاپتورى: ئابدۇراخمان ئەبەي
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخەت ھاشىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 ميللىمېتر، 1/32 كەسلەم.
باسما تاۋىقى: 4 قىستۇرما ۋارىقى: 7
1986 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·1142
تىراژى: 1 — 20,500
باھاسى: 1·20 يۈەن



ئەخمەتجان قاسىمنىڭ
1943 - يىل تۈرمىدىن
چىققان ۋاقتى



1944 - يىل، ئەخمەتجان
قاسىمى ئەينەكچى بولۇپ
خەلق ئارىسىدا ئىنقىلابىي
تەشۋىقات ئېلىپ باردى



1945 - يىل كۈزدە ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۇرۇش
خارابىسىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە. سولدىن سەيپۇللايۇپ،
ئەخمەتجان، قاسىمى سەيپىدىن ئەزىزى

1946 - يىل، ئەخمەتجان قاسىمى بۆرىتالادا نامرات
مۇڭغۇل چارۋىچىلارنى يوقلىدى





1946 - يىلى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ئايالى ماھنۇر خانىم بىلەن بىللە

1947 - يىلى 4 - ئاي، خوتەندە «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» دىكى ياشلار ئارىسىدا





1947 - يىل 5 - ئايدا،
ئەخمەتجان قاسىمى
قەشقەرنىڭ سابىق
ۋالىسى ئابدۇكېرىمخان
مەخسۇم بىلەن بىللە

1947 - يىل، ئەخمەتجان قاسىمى ئابدۇكېرىم ئاببا-
سوپ بىلەن خىزمەت ئۈستىدە پىكىرلەشمەكتە





1947 - يىل، ئەخمەتجان قاسىمى سالچىلار ئارىسىدا

1947 - يىل، ئەخمەتجان قاسىمى نەنجىڭدە



1947 – يىل،
ئەخمەتجان قاسىمى
ئەنجىندە بالىلار
باغچىسىغا بېرىپ
بالىلارنى يوقلىدى



1949 – يىل،
ئەخمەتجان قاسىمى
«ئىتتىپاق» ھەي-
ئەتلىرىنىڭ كېڭەي-
تىلگەن يىغىنىدا دۇنيا
ۋەزىيىتىدىن
دوكلات بەرمەكتە





1950 - يىل 4 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتار-
لىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسىدى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىندى

# مۇندەرىجە


ماۋزېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمغە يوللىغان تېلېگراممىا خېتى ........................ 1

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ماۋزېدۇڭغا يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسى ........................ 3

خەلققە باراۋەرلىك كېرەك ........................ 1

بۇنىڭ سىرى ........................ 3

تۈزەلمەس ئىپلاسلارنى نېمە قىلماق كېرەك ........................ 5

ئاددىي ساھىبخان ........................ 10

بىز گومىنداڭنىڭ ناخشىسىنى ئېيتمايمىز ........................ 13

خوتەندىكى سايلام ........................ 17

بۇ بالا ۋەتەننىڭ ئوغلى ........................ 23

بۇلار مېنىڭ دوستلىرىم ........................ 26

ئۇ بۆرىمۇ ياكى قوي يېمەيدىغان ئىتمۇ ........................ 29

ئىسكىرىپكا ........................ 31

خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمەن دېسەڭ ........................ 40

ئەدلىيە تىلىدىكى ئۈچ كۈن ........................ 44

يازغۇچى مەسىلىگە ئەتراپلىق قارىشى كېرەك ........................ 51

يېڭى كۆچەتنى ئاسرايلى ........................ 52

بالىلارنىڭ دوستى ........................ 55

سەيلىگە مېڭىش ئالدىدا ........................ 58

بۆرە جۇۋا ........................ 61

سۈرىيە ۋەكىللىرىنىڭ تەشەببۇسىنى قوللايمىز ........................ 63

## ماۋزېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمگە يازغان تېلېگرامما خېتى

شىنجاڭ غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئەخمەتجان ئەپەندىگە:

ئىمپېرىيالىزمنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبە قىلىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەتئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشى ئەستايىدىل تەييارلىقلار ئارقىلىق ٩ - ئاي ئىچىدە ئومۇمىي يىغىن ئاچىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈش، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا، يەنە جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. مەركىزىي

زەمبىرەك ........ 65
شىنىڭ شىسەيگە باھا ........ 66
مائارىپ ئادەمگە ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتىدىغان پەن...... 69
شوپۇرنىڭ ياستۇقى ........ 72
«مېھنەت بىرلىكى» ........ 76
مىللىي ئۆرپ — ئادەتكە ھۆرمەت قىلىش كېرەك ...... 78
جۇغراپىيە دەرسى — ۋەتەنپەرۋەرلىك دەرس! ........ 81
تاماكا خالتىسىدىكى پۇل ........ 85
بىز نېمىشقا «ئىتتىپاق» قۇردۇق ........ 89
خاسىيەتلىك ھېكايە ........ 95
سىز ئاجايىپ شەرەپلىك خىزمەت ئىشلەۋاتىسىز ........ 100
مەن ھارام نەرسىنى يېمەيمەن ........ 105
دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز ........ 111
ئازادلىق ئوردىنى ........ 115
دوستلۇق ........ 116

## ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ماۋزېدۇڭغا يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسى

يېڭى سىياسى كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قەدىرلىك ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئۆلكىمىز ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز. خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

پەۋقۇلئاددە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى.

1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، غۇلجا.

خەلق هۆكۈمىتى كومىتېتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولىدىغان ۋاقىتقا ئانچە ئۇزۇن قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار 9 - ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى ئىچىدە بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگرامما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى

ماۋزېدۇڭ

1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بېيجىڭ

## خەلققە باراۋەرلىك كېرەك

مىللىي ئارمىيە غۇلجا، ئارشاڭ، بۆرتالا، جىڭ، شىخو
قاتارلىق جايلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئازاد قىلىپ، 1945 -
يىلى 9 - ئايدا ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار
ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە كىرىش ئۈچۈن جىددىي
تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا بىردىنلا ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇقى
كەلدى. نەچچە مىڭ ئەسكەر «ئۈرۈمچىنى ئازاد قىلىمىز!» دەپ
ھۇررا توۋلاپ قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالدى.
ئەمما ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمىدى.
دەل شۇ مەزگىلدە چۇڭچىندا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو
كومپارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى بولۇۋاتاتتى.
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرىسىد-
كى تىنچلىق سۆھبىتى 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 -
كۈنى چۇڭچىندا ئىمزالاندي. دەل شۇ كۈنى شىنجاڭدا، گومىن-
داڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق ئۇرۇش توخ-
تىتىلىپ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئۇيۇش-
تۇرۇلدى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-
لابىي تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سا-
بىق سىياسىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى جاڭ جىجوڭ ئەپەن-
دىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇ كىشى 1945 - يىلى 10 ئاينىڭ

لىق سۆھبەت باشلاندى. ئەخمەتجان قاسىمى يەنىلا: «باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، خەلقچىللىق، ئاندىن كېيىن بىرلىك ۋە تىنچلىق» دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇردى. گومىنداڭ تەرەپ بولسا: «تىنچلىق، بىرلىك، ئەركىنلىك، ئاندىن باراۋەرلىك» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. ئەخمەتجان قاسىمى كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن ئۆز نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئىسپاتلايتتى:

— سىلەر ئۆز مەنپەئەتىڭلارنى كۆزلەپ سۆزلەۋاتىسىلەر. بىز پۈتۈن خەلق مەنپەئەتىنى سۆزلەۋاتىمىز. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون. مىللەتلەر باراۋەر بولغاندىلا ئىناق ياشىيالايدۇ. خەلقتە باراۋەرلىك كېرەك. شۇڭا «باراۋەرلىك» نى ئالدىغا قويىمىز، — دېدى ئۇ.

گومىنداڭ تەرەپ ئامالسىز ئەخمەتجان قاسىمنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يېڭى زالدا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى «11 ماددىلىق بىتىم» گە ئىمزا قويدى. ئاشۇ «باراۋەرلىك» بىلەن «تىنچلىق» سۆزىنىڭ قايسىسىنى ئالدىغا قويۇش مەسىلىسى ئۈچۈنلا ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى 78 كۈنگە داۋاملاشتى.

## بۇنىڭ سىرى

«11 ماددىلىق بىتىم» ھەققىدە جىددىي سۆھبەت بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. گومىنداڭنىڭ مەشھۇر بىر ئەربابى ئەخمەتجان قاسىمىدىن:

— بىزنىڭ 100 نەچچە مىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىمىز بار. سىلەرنىڭ 20 نەچچە مىڭ ئارمىيىڭلار بار. لېكىن بىزنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان شۇنچە كۆپ ئارمىيىمىز-

14 - كۈنى ۋەكىل سۈيىتىدە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆزئارا ۋەكىللىك سالاھىيەت قەغەزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتنى باشلىدى. سۆھبەت بىرنەچچە كۈن داۋام قىلغان بولسىمۇ ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدى. غۇلجا ۋەكىللىرىدىن مانچىستىر دوپپىلىق بىر كىشى ئاجايىپ كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن گومىنداڭ تەرەپ قويغان تەلەپلەرنى ئىنكار قىلىپ تاشلايتتى. گومىنداڭ تەرەپ بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى جىددىي ئېنىقلاپ، بۇ كىشىنىڭ تېخى بىر يېرىم يىل ئىلگىرىلا ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قويۇۋېتىلگەن «گۇناھكار» ئەخمەتجان قاسىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئاخىرى غۇلجا ۋەكىللىرى 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قايتىپ كەتتى. غۇلجا ۋەكىللىرى شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يەنە يېتىپ كەلدى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە پىكىرلەر ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ قالدى. ئەمما بىرلا سۆزنىڭ يەنى «باراۋەرلىك» بىلەن «تىنچلىق» سۆزىنىڭ قايسىسىنى ئالدىغا قويۇشتا ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى «مىللەتلەردە باراۋەرلىك بولغاندىلا تىنچلىق بولىدۇ. شۇڭا ئەڭ ئالدىغا باراۋەرلىك سۆزىنى قويىمىز» دەيتتى. گومىنداڭ تەرەپ ۋەكىللىرى بولسا، «تىنچلىق بولغاندا باراۋەرلىك بولىدۇ» دەيتتى. مۇشۇ بىر سۆزنىڭ قايسىسىنى ئالدىغا قويۇش مەسىلىسى ھەل بولماي، ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يەنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈچىنچى قېتىم-

مېنى يەۋېتەتتىڭ. شۇڭا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قاچتىم. شۇڭغا يېتەلمىدىڭ: ھەممە نەرسە جانغا تېگىلگەن چاغدا شۇنداق بولىدۇ، سەنمۇ يولۋاسنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قالغان چاغدا بىلىسەن.

توشقان شۇنداق دەپتۇ - دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ. بىزمۇ توشقان بىلەن تۈلكىگە ئوخشاش كۈنگە قالدۇق تەقسىر. شۇڭا سىزلەرنىڭ شۇنچە كۆپ ئارمىيىڭلار بىزنىڭ ئازغىنە ئارمىيىمىزگە تەڭ كېلەلمەيۋاتىدۇ.

باشقا غەرەز بىلەن گەپ ماراپ تۇرغان ھېلىقى ئەرباب ئەخمەتجان قاسىمنىڭ مۇشۇ گېپى بىلەنلا لام - جىم دېيەلمەي قالدى.

(بۇ ھېكايىنى ئەخمەت سۇلتان سۆزلەپ بەرگەن)

## تۈزەلمەس ئىپلاسلارنى نېمە قىلماق كېرەك

1946 - يىلى «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالىنىپ ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئۇ ئۆلكە رەھبەرلىرى ئىچىدە ناھايىتى بىلىملىك، تەدبىرلىك ۋە دىپلومات بولغاچقا تېزلا شۆھرەت قازىنىپ، ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئۆلكە ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ناھايىتى تەپ تارتاتتى. گومىنداڭنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالاتتى. بەزىلەر ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى خەلقنى خورلىغان قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ تۈۋا قىلاتتى.

بىر كۈنى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئىشخانىسىغا بويلىرى ئۇزۇن، كىچىككىنە كۆزلىرى چاناقلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، سوزۇنچاق يۈزلۈك، ساپسېرىق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئەخ-

نىدىكى سىلەرنىڭ ئاشۇ ئازغىنە ئارمىيىڭلارغا تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا مەن ھەيران. بۇنىڭدا نېمە سىر بار، ئەپەندىم؟ — دەپ سورايدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دەيدۇ:

— بۇ ھەقتە مۇنداق بىر تەمسىل بار: بۇرۇن تۈلكە بىلەن توشقان دوست ئىكەن. بىللە ياشاپ، بىللە ئوۋ ئوۋلايدىكەن. تاپقىنىنى تەڭ يەيدىكەن. بىر كۈنى تۈلكىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ توشقاننى يەۋەتمەكچى بوپتۇ. بۇنى توشقان سېزىپ قاپتۇ — دە، قېچىپتۇ. تۈلكە: «سەن قانچىلىك يۈگۈرەلەيتتىڭ، سېنى ئىككى تاقلاپلا تۇتىمەنغۇ» دەپ ئويلاپ قوغلاپتۇ. توشقان قېچىپتۇ، تۈلكە قوغلاپتۇ. لېكىن ھەرقانچە قوغلاپمۇ تۇتالماپتۇ. تۈلكىنىڭ تولا يۈگۈرۈپ ھالى قالماپتۇ — دە، ئاخىرى توشقاننى توۋلاپ:

— ھەي توشقانجان، بولدى، مەن يامان نىيىتىمدىن ياندىم. پەقەت بىرلا سوئالىمغا جاۋاب بەرسەڭ بولدى. ئېيتقىنا، بىز بۇرۇن بىللە يۈگۈرگەندە ياكى ئوۋچى قوغلىغاندا مەن سەندىن تېز يۈگۈرۈپ ئېشىپ كېتەتتىم، سەن ئارقىدا قالاتتىڭ. ئەمما، بۈگۈن شۇنچە تېز يۈگۈرسەممۇ ساڭا زادى يېتەلمىدىم. بۇنىڭدا نېمە سىر بار؟ — دەپتۇ.

توشقان تۈلكىدىن نېرى بېرىپ توختاپتۇ — دە، تەمكىن تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— جان دوستۇم تۈلكىباي، بۇرۇن بىز دوست ئىدۇق. بىر - بىرىمىزگە ئىشىنەتتۇق. ئادەتتە ئوۋ ئوۋلاپ ياكى مۇسابىقىلىشىپ يۈگۈرەيتتۇق. سەن مەندىن چوڭ بولغاچقا ئالدىمغا ئۆتۈپ كېتەتتىڭ. بۈگۈنچۇ؟ سەن مېنى يەۋېتىمەن دەپ قوغلىدىڭ. مەن جېنىمنى ئېلىپ قاچتىم، سەللا ئاستا يۈگۈرسەم سەن

جىق نەپ ئېلىپ كەتتىك دېسلە. ئوتتۇردا تارتىشماق ئوينىاپ قانداق ياشىغىلى بولىدۇ؟ بىر مىللەت روناق تېپىپ باشقا مىللەتلەر خارابلاشسا ئادالەت بولامدۇ؟

ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارى گاڭگىراپ قالدى - دە، سورىدى:

— ئەمسە قانداق ئىشلىسەم بولىدۇ؟

ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ھەممە مىللەت بىرلىشىپ خەلق بولىدۇ. سىلە مانا ئاشۇ خەلق ئۈچۈن ئىشلىسىلە، ھەممە مىللەت تەڭ روناق تاپسا يۇرتىمىز ئاۋات، خەلقىمىز خاتىرجەم بولىدۇ. بىزنىڭ كۈرەش قىلىپ يېتىدىغان مۇددىئايىمىز مانا مۇشۇ!

ھېلىقى كىشى ئەخمەتجان قاسىمغا قايتا - قايتا تازىم قىلىپ، بۇندىن كېيىن ئاشۇ «خەلق» ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى - دە، كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

1947 - يىلى 5 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى خىزمەت تەكشۈرۈپ چۆچەك ۋىلايىتىگە باردى. تاق شۇ كۈنلەردە چۆچەك ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى گومىنداڭ تەرەپدارلىرى ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتكەن بىر موماي بىلەن بىر ياش يىگىتنى ئىشپىيونلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چاغدىلا قولغا چۈشۈردى. تولۇق دەلىل - ئىسپات بىلەن قولغا چۈشكەن بۇ ئىككى ئىشپىيون پاكىت ئالدىدا پۈتۈن جىنايىتىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى: بۇ موماي ئۇرۇمچىدىكى ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئانىسى، يەنە بىرى بولسا، ئۇنىڭ ئۇكىسى ئىكەن. ئۇ ئانىسى بىلەن ئۇكىسىنى ئۈچ - تۆت تاغار چاي ۋە نۇرغۇن پۇل بىلەن چۆچەككە ئەۋەتىپ، تۆۋەندىكى ئۈچ ۋەزىپىنى تاپشۇرغان ئىكەن:

بىرىنچى، چۆچەك ۋىلايىتىدىكى ۋالى ۋە ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىرى كىم ۋە مىللىتى نېمە؟

لەتجان قاسىمى ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ كىشى بىلەن قول ئېلى-
شىپ كۆرۈشتى، ھەمدە ئۇنى سافادا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
ئەمما ھېلىقى كىشى بەكمۇ قورۇنۇپ ئولتۇرۇشقا پېتىنالمىدى.
ئۇ قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالدىدا مۈكچى-
يىپ تۇردى — دە، سۆز باشلىدى:

— ئەپەندىم، مەن بۇرۇن جىڭ ۋۇچۇ① دا خىزمەت قى-
لاتتىم. بۇرۇن قارا سىياسەت يۈرگۈزۈلۈپ تۇرغاندا خىزمەت
قىلماسقا ئىلاج يوق ئىدى. مەن خەلققە قارشى خىزمەت قىل-
دىم. ئەمدى مېنى يېڭى ھۆكۈمەت يەنە ساقچى ئىدارە باشلىق-
لىقىغا بەلگىلەپتۇ. مەن ئۆتمۈشتىكى خاتا ئىشلىرىم ئۈچۈن تو-
ۋا قىلدىم. ئەمدى ئۆز مىللىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن...

ئۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋەدە بەرگىلى تۇرۇۋىدى،
ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنى گەپتىن توختىتىۋالدى.

— يەنە خاتا ئىشقا قەدەم قويمىسىلا، — دېدى ئۇ كەس-
كىن قىلىپ.

ھېلىقى سېرىق ئادەم ھودۇقۇپ قالدى ۋە تەمتىرەپ تۇرۇپ
سورىدى:

— قانداق دەيلا؟

ئەخمەتجان قاسىمى تەمكىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بۇرۇن بىر ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ئۈچۈن خىزمەت
قىلىپ خاتالاشتىلا، ئەمدى بىر مىللەت ئۈچۈن ئىشلىسىلە يەنە
خاتالىشىلا. شىنجاڭدىكى قازاق، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇلار بى-
زنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، ۋەتەنداشلىرىمىز تۇرسا، سىلىمۇ ئۆز مىللەت-
لىرىگىلا ئىشلىسىلە، باشقىلارمۇ ئۆز مىللىتىگىلا ئىشلىسە،
ئاندىن بۇ سىلىنى جىق نەپ ئېلىپ كەتتىڭ دېسە، سىلە ئۇنى

---

① جىڭ ۋۇچۇ — گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسى.
ئەينى چاغدا گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىمۇ مۇشۇ ئورۇن ئىدارە قىلاتتى.

— ئەگەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ قولىغا بىر-نەچچە مىڭ دوللارنى بېرىپ قويۇپ، قولىغا خەنجەر تۇتقۇزسا ئۇ ئاشۇ ئۆز ئانىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەنى مەنسەپ ۋە پۇل ھەۋىسى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئانىسىنىلا ئەمەس، ھەممە نەرسىنى سېتىشقا تەييار!

ئۇ ماقالىسىدا يەنە: ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە يوشۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوقلۇقىنى سۆزلەپ ھېلىقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئانىسى بىلمەكچى بولغان مەلۇماتلارنى — چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ ۋالى، ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە مىللىتىنى. ئۇ يەردىكى قوراللىق مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى شىنجاڭ گېزىتىدە ئوچۇق ئېلان قىلىدى.

ئۇ بۇ جەڭگىۋار ماقالىسىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق ئاياغلاشتۇردى:

— خەلقىمىز ياخشى چۈشىنىشى كېرەككى، ئالدىمىزدىكى سايلام نەتىجىسىدە خەلقىمىز «بىتىم» دە كۆرسىتىلگەن ھوقۇقلارغا تولۇق ئىگە بولۇشى لازىم ھەمدە ئۆزىنىڭ خالىغان كىشىلىرىدىن مەمۇرىي خادىملارنى سايلاپ ئالماقلىرى كېرەك. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا ئىختىلاپ سالىدىغان ئايرىم «خادىملار» ئۈستىدىن پىكىر بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن قورقماستىن، ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى نىقابلارنى ئېچىپ تاشلاپ، سىرلىرىنى پاش قىلىپ، مەنسىپىدىن قالدۇرماقلىرى لازىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز ھوشيار بولۇپ، ئېنىقچە «11 ماددىلىق بىتىم» گە چۈشەنمەي جاللاتلىق پائالىيىتى قوينىدا ساقلاپ يۈرگەن بۇزۇقلارنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى خەلقچىللىقنىڭ تۆمۈر سۈپۈرگىسى بىلەن سۈپۈرۈپ، ئۆتمۈشنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىشى كېرەكتۇر!

ئىككىنچى، چۆچەك ۋىلايىتىدە قانچىلىك ئەسكەر بار، ئۇلارنىڭ قوراللىرى قانداق؟ قەيەرلەردە تۇرىدۇ؟

ئۈچىنچى، رەھبەرلەر ئىچىدە بىز ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلار بارمۇ؟ بار بولسا ئۇلارنى پۇل ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەر بىلەن سېتىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتچىلەرنى ئىچىدىن چىرىتىش ھەم يەرلىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تېرىغۇدەك ئىشقا بولامدۇ-يوق؟

بۇنى ئاڭلاپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى.

— بۇ تۈزەلمەس مۇناپىق دۈشمەننىڭ قېرى ئانىسىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرگىچە شۇ سوئاللارنى ماڭىلا بەرسە، مەن ئاشۇ ئۈرۈمچىدىلا جاۋاب بەرمەسمىدىم؟ — دېدى ئۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى يەنە چۆچەك ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە يولۇقۇپ بېرىپ، بۇ قېرى موماي بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى قويۇۋېتىپ، ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇۋېتىشنى بۇيرۇدى.

ئەخمەتجان قاسىمى چۆچەكتىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا بىر كېچە ئۇخلىماي بىر پارچە ماقالە يېزىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئېلان قىلدى.

ئۇ ئۆز ماقالىسىدا: گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، «11 ماددىلىق بىتىم» گە قول قويغان بولسىمۇ، «بىتىم» گە ئەمەل قىلمايۋاتقانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە كۆپلەپ ئىشپىيون ئەۋەتىپ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىۋاتقانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلار بىلەن ئەيىبلىدى.

ئۇ يەنە ئېلىقلىق ئانىسىنى چۆچەككە ئەۋەتكەن ساقچى ئەمەلدارىنى پاش قىلىپ شۇنداق دېدى:

بولغان (گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەتنى ئورۇس قاپلاپ كەتتى، پوقرالىرى ئاچ - يالىڭاچ قالدى دەپ تەنۇر تەشۋىق قىلغانىدى) ۋەكىللەرمۇ ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

بۇ ۋەكىللەرنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يۇرت كاتتىلىرى ئۆيلىرىگە مېھمانغا چاقىردى. بىر كۈنى رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ۋەكىللەرنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىۋالدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆيى بىر ئۆلكە رەئىسىنىڭكىدەك ئەمەس، ئاددىي بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىگە ئوخشايتتى. مېھمانخانا ئۆيگە بىر پارچە خوتەن گىلىمى سېلىنغان. تۆر تەرەپتىكى تامدا قاتار كىتاب جازىسى. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا كۆزگە چېلىققۇدەك ئالاھىدە بىر نەرسە يوق ئىدى.

مېھمانلار گىلەم ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئايالى ماھىنۇر خانىم ياپپېتەك بولۇپ يۈرۈپ مېھمان كۈتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى داستىخان ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ مېھمانلارغا چاي قۇياتتى. قولى سەللا بىكار بولسا پەگادا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مېھمانلارغا قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بەزى پاراڭلىرى مېھمانلارنى چوڭقۇر ئويغا سالسا، بەزى پاراڭلىرى تولا كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتەتتى.

مېھماندارچىلىقنىڭ ئاخىرىسىدا داستىخانغا پولۇ تارتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئارىلاپ يۈرۈپ مېھمانلارغا گۆش توغراپ بەردى، چاي قۇيدى. بىر مېھمان ئاخىرى ئۇنىڭغا سورۇندىكىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى دېدى:

— ئەپەندىم، ئۆزلىرىمۇ داستىخاندا ئولتۇرسىلا، بولمىسا بىزمۇ...

مېھمان ئاخىرقى گېپىنى دېيەلمىدى. ئەمما ئەخمەتجان

# ئاددىي ساھىبخان

1946 - يىل 8 - ئايدا ئۇرۇمچىدە ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت نامىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونىنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى قۇرۇلدى. بۇ ئۆمەككە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە ۋىلايەتتىن يەتتە ۋەكىل قاتناشقانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇرۇمچىدىكى بىر قىسىم ئىدارە، جەمئىيەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن بىردىن ۋەكىل قاتناشقانىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بۇ ئۆمەك ئەزالىرىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇ ۋەكىللەر قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە غولجىدا بولغان يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ ناھايىتى تايىل بولدى: دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئەللىك پىرسەنت باج ۋە سېلىقى بىكار قىلىنغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى ئاجايىپ ئۇستۇن، تۇرمۇش كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ قالغانىدى. شەھەر خەلقىگە سودا ھۆرلۈكى بېرىلگەنىدى. شۇڭا بازارلار ئاۋات، سودا-سېتىق راۋاج ۋە ئەرزانچىلىق ئىدى. مەھەللە - مەھەللىلەردە يەنىي مەكتەپلەر قۇرۇلغان. كۈندۈزى ئوقۇش يېشىدىكى باللار ئوقۇسا، كېچىسى چوڭلار ساۋات چىقىرىدىكەن. شەھەردە نەچچە يەردە كىنوخانا ۋە تىياتىرخانىلار قۇرۇلغان. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى گېزىت ژۇرناللارمۇ كۆپ ئىكەن. ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ خىزمەت تۈزۈمى مۇكەممەل، ئىدارە قورۇلىرى گۈللۈك، ئىشخانىلار ئازادە ۋە پاكىز. ئىدارە باشلىقلىرى بىلەن ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرنى پەرقلەندۈرۈش تەس. ھەممىسى خىزمەتتە قىزغىن، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا.

ئۆمەك ئەزالىرى بارغانلا يېرىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى ھەممە يەردە كۆڭۈل ئازادىلىك، تۇرمۇش باياشات، كەچلىرى مەشرەپ ۋە كىنو. بۇنى كۆرۈپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا گۇمانىي قاراشتا

ساھىبخانىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم قورۇنۇپ قالاتتى. ئەخمەتجان قاسىمى بولسا مېھمانلارغا ئۆز قولى بىلەن چاي قۇيۇپ، ئۇلار بىلەن خۇددى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆرۈشمىگەن تۇغقانلاردەك قىزغىن مۇڭداشتى. ئۇنىڭ دوستانە، خۇش خۇي پاراڭلىرى ۋالى ھېكىمبەگنىڭ نەچچە كۈن تەييارلىغان داڭلىق مۇزىكانتلىرىنىڭ نەغمە - ناۋاسىدىنمۇ يېقىملىق ئويۇلغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئەخمەتجاننىڭ ئۆيىدە بىر رەئىسنىڭ ئۆيىدە ئەمەس، ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغاندەك ئەركىن - ئازادە ئولتۇرالىدى.

(بۇ ھېكايىنى يولداش جونەيد بەكرى سۆزلەپ بەرگەن)

## بىز گومىنداڭنىڭ ناخشىسىنى ئېيتمايمىز

1946 - يىلى «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش بىلەنلا، ئۇنىڭغا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كۈنىگە نەچچە پارچە ئەرز خەت كېلىشكە باشلىدى. بۇ خەتلەردە: گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ «11 ماددىلىق بىتىم»نى تۆۋەندە ئىجرا قىلمايۋاتقانلىقى، پات ئارىدا بولىدىغان ھاكىم سايلىمىغا ئۆز قولچوماقلىرىدىن كېڭەش ھەيئىتىنى قۇرۇۋېلىپ، سايلامنى خەلقتىن مەخپىي تۇتۇۋاتقانلىقى، «11 ماددىلىق بىتىم»نى ئىجرا قىلىمىز، خەلق سايلىمى ئارقىلىق ھاكىم سايلايمىز دېگۈچىلەرنى ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ «نەشىكەش، قىمارۋاز» دېگەن بەدناملار بىلەن قولغا ئېلىۋاتقانلىقى يېزىلغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ھەربىر ئەرز يازغۇچىغا بۇ ناھەق ئىشلارنىڭ پات ئارىدا ھەل بولىدىغانلىقى، ھەربىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئەمەلدارلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئەمەس، خەلق سايلى-

قاسىمى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغانىدى.

— رەھمەت، رەھمەت! ھەر قايسىلىرى يەتتە شەھەردىكى جاپاكەش قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەكىلى. مۇشۇنداق بىر نۆۋىتى بولمىسا ھەرقايسىلىرىنى تۆگە سويۇپمۇ بۇ ئۆيگە كەلتۈرەلمەيتتىم. ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولغىنىم يەتتە شەھەردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولغىنىم - دە! قېنى، ئاشقا باقايلى، ئاشقا ...

ئەخمەتجان قاسىمى ئاخىرىدا مېھمانلارغا بىر قىسىم يېڭى كىتابلارنى تەقدىم قىلدى. ئۇ دائىم: «كىتاب تەقدىم قىلىش ئەڭ ئالىي سوۋغات بېرىش. ئۇ ئەڭ يېقىن كىشىگە بىلىم، ئەقىل سوۋغا قىلىشتۇر» دەيتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ غۇلجا شەھىرىنىڭ ۋالىسى ھېكىمبەگ ئون نەچچە قوي سويۇپ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى ئۆيىگە چاقىرتىۋالدى. ئۇ بۇ ۋەكىللەر بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى بارلىق مۆتىۋەرلەرنىمۇ قوشۇپ چاقىرغانىدى. ئەمما داستىخاننىڭ ئەڭ تۆرىدە نەچچە قەۋەت كۆرپە ئۈستىدە ئۆزى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. مېھمان كۈتۈش ۋە يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى بولسا ئون نەچچە ئادەم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلاتتى.

ھېكىمبەگنىڭ مېھمىنىمۇ كۆپ ئىدى. داستىخانمۇ ناھايىتى مول ئىدى. بىر خىل تاماقنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىردەمدىلا باشقا بىر خىل تاماق كېلەتتى. بىر توپ مەشھۇر سازەندىلەر نەغمە - ناۋا قىلىپ تۇراتتى. لېكىن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانلار ئۆزلىرىنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆيىدىكىدەك ئەركىن - ئازادە تۇتۇپ ئولتۇرالمىدى. چۈنكى، ئۆي ئىگىسى تۆرگە ئۆتۈۋېلىپ، غادىيىپ ئولتۇراتتى.

شوئار توۋلاشتى. خەلقنىڭ بۇ شادلىقى گومىنداڭ تەرەپنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. شۇڭا ئۇلار ئاقسۇغا ئالدىن خەۋەر بېرىپ، ئالدىن پۇختا تەييارلىق قىلدى. ئۇلار ئاقسۇدا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ھەيۋىسىنى بىر چۈشۈرمەكچى، ھەتتا ئوبدان بىر ئەدىبىنى بېرىپ، مۇشۇ ئاقسۇدىلا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىش ئىرادىسىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولدى.

ئاقسۇدا گومىنداڭچىلارنىڭ تەييارلىقى خېلىلا پۇختا ئىشلەندى. ئۇلار دېھقانلارغا ئون كۈنگىچە شەھەرگە كىرمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، ئاندىن بىر تۈركۈم مىللىي مۇناپىقلارنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللىرى ئاقسۇغا كىرىشى بىلەنلا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىغا قارشى نامايىش قىلدۇردى ... ئەمما ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ خەلقنىڭ شەھەرگە كىرىپ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈشىنى توسۇپ قالالمىدى. خەلق شەھەرگە كەلكۈندەك بېسىپ كىردى، بۇ شۇم پىلانى بۇزۇلغان گومىنداڭچىلار پۈتۈن ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، قولىدا يىڭنىنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان خەلقنى كالتەكلەشكە باشلىدى. بىچارە ئاقسۇ خەلقى باش-يۈزلىرى كالتەك زەربىدىن يېرىلىپ، ئۈستى-باشلىرى قىپقىزىل قان ھالەتتە تۇرۇپمۇ يەنە ئەرز خەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئەخمەتجان قاسىمى تەرەپكە يۈگۈرەيتتى... لېكىن قاتمۇ-قات مۇھاسىرە ئۇلارنى ئۇچراشتۇرمىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى قوغداش باھانىسى بىلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنى ئالمان-تالمان ۋالى مەھكىمىسىگە باشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بالىدەك بىردەم-بىردەم كەينىگە قاراپ، بويىنىدىن سۆرىگەندەك مەجبۇرىيەت بىلەن ۋالى مەھكىمىسىنىڭ كۆك دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى ...

مى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە چۈ-
شەنچە بېرىپ جاۋاب خەت يازدى ھەمدە ھەرقايسى
ناھىيىلەردىكى كېڭەش ھەيئەتلىرىگە① ھاكىم سايلىمىنى
ئادىل قىلىشنى، ئىشنى ئادىل قىلىش ئۈچۈن خەلق سايلىمى
قىلىشنى جېكىلەپ يوليورۇق چۈشۈردى. لېكىن بۇ چارىنىڭمۇ
ئۈنۈمى بولمىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئاخىرى بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەتنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەل-
گەن ئەرز خەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈمەت جەنۇبىي
شىنجاڭغا دەرھال بىر خىزمەت ئۆمىكى ئەۋەتىپ، خەلق سايلىمى-
نى ئادىل ئېلىپ بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. گومىنداڭ
دائىرىلىرى دەلىل - ئىسپات ئالدىدا بۇ تەكلىپنى قو-
بۇل قىلماي مۇمكىن بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سايلامنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر
ئۆمەك تەشكىللىدى. ئۆلكە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئۆمەك باشلىقى،
ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ يولغا چىق-
تى. ئەخمەتجان قاسىمى قارا شەھەر، كورلا، كۇچاردا ئۆزى
خەلق ئارىسىغا كىرىپ سايلام ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى،
ناھەق قولغا ئېلىنغانلارنى تۈرمىدىن بوشاتتى. خەلقنىڭ ئەرز -
شىكايەتلىرىنى ھەل قىلدى. شۇڭا خەلق ئارىسىدا ئۈچ ۋىلايەت
تەرەپنىڭ ئابرويى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. خەلق نامايىش
قىلىپ: «ياشىسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى!»، «ياشىسۇن باراۋەر-
لىك!»، «11 ماددىلىق بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلايلى!» دەپ

---

«11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «ۋەقە دەۋر بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەربىر ناھىيىدىكى خەلقلەر ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى ھاكىم ۋە ھاكىم مۇئاۋىنلىرىنى سايلايدۇ. ناھىيىلىك ئىدارىلەرنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقىرى خىزمەتچىلىرى ھاكىملار تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ» دەپ ئوچۇق بەلگىلەنگەن.

ھوقۇق بىلەن ھەق - ناھەق ئۈستىدە دەۋالىشمىسىز! ھازىرقى «سەنمىنجۇيى» بىلەن باشلانغان يىغىن ئىناۋەتسىز!

گومىنداڭ تەرەپ بايىقى ناخشىنى بىكار قىلىپ ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئەپۇ سورىدى ھەمدە يىغىننى يېڭىدىن باشلىدى. ئۇلار نەچچە كۈن قىلغان تەييارلىقلار بىلەن ئەخمەتجاننى مات قىلالماستىن ئۆزلىرى مات بولدى.

(بۇ ھېكايىنى يولداش ئەلقەم ئەختەم سۆزلەپ بەرگەن)

## خوتەندىكى سايلام

«11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ بىر ماددىسىدا: «شىنجاڭ خەلقىغە ئۆزى ئىشەنگەن يەرلىك زاتلاردىن مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ناھىيىلەردە كېڭەش ھەيئەتلىرىنى خەلق بىۋاستە سايلاپ چىقىدۇ. كېڭەش ھەيئىتى ھاكىملارنى سايلاپ چىقىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. 1946 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە سايلام باشلىنىپ كەتتى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سايلام خىزمىتى بىرئاز كېچىكىپ 1946 - يىل 11 - ئايدا باشلاندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن خوتەننىڭ سايلام ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەت ئىمىن① بۇغرا ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى ئىمىن مەخسۇم باشچىلىقىدا بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىدىن كەلدى. بۇ چاغدا خوتەن ۋىلايىتىدىكى «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى» پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى خەلققە يەتكۈزدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى-

① مەمتىمىن بۇغرا — خوتەن قارىقاش ناھىيىسىدىن. چەت ئەلدە ئوقۇغان. كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە تەمىنات نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1949 - يىلى 9 - ئايدا چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن. 1967 - يىلى تۈركىيىدە ۋاپات بولغان.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ۋالى مەھكىمىسىنىڭ مەجلىسخانىسىدا ئاقسۇ ۋالىسى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللىرىگە ئاقسۇدىكى خىزمەتلەردىن دوكلات بەرمەكچى بولدى. ۋەكىللەر ۋە ۋالى مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىن زالىغا كىرىپ كۆرسىتىلگەن يەردىن ئورۇن ئالدى. يىغىننى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى باشقۇردى. ئۇ يىغىن كۈن تەرتىپى بويىچە بىرىنچى بولۇپ دۆلەت شېئىرىنى ① باشلىدى. يىغىن زالىدىكىلەر گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ناخشىغا تەڭكەش بولدى. ئەمما ئەخمەتجان قاسىمى ئولتۇرغان ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئورنىدىن تۇرۇپ «سەنمىنجۇيى» نى ئېيتىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئورنىدىن تۇرماي غەزەپ بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى-دە، يەنە دەرھال ئېسىنى يىغىپ ئولتۇرۇۋالدى.

ناخشا تاماملانغاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدا ئولتۇردى. ئەخمەتجان قاسىمى غەزەپ بىلەن شىرەنى شۇنداق قاتتىق ئۇردى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— بۇ قانداق يىغىن؟ دەپ — ۋارقىرىدى ئەخمەتجان قاسىمى يىغىن باشقۇرغان باش كاتىپقا قاراپ، — بىلەمسەن، بۇ گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ يىغىنى بولمىسا نېمىدەپ «سەنمىنجۇيى» نى ئېيتىسەن. بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تەسلىم بولۇپ كەلمىدۇق، تەڭ ھوقۇقلۇق بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ، بۇ يەردىكى ھەق-ناھەق ئىشلىرىنى تەكشۈرگىلى كەلدۇق. بىز بايا ئاشۇ چوڭ يولدا كالتەكلەنگەن خەلقنىڭ ۋەكىلى. بىز بۇ يەردە سىنىڭ ناخشاڭنى توۋلىمايمىز، باراۋەر

---

① گومىنداڭ دائىرىلىرى ئادەتتىكى يىغىن ۋە مۇراسىملەردە دۆلەت شېئىرىنى ئېيتىپ بايراق چىقىراتتى.

ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ بىرنەچچە ئاي مائاش بەرمىدى. خەلققە ھەر خىل سېلىقلارنى كۆپەيتىپ زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. بۇ ناھەقچىلىققا چىدىمىغان «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ئورۇمچىگە ۋەكىل ۋە ئەرز ئەۋەتتى.

خوتەن خەلقىنىڭ بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ــ ئەخمەتجان قاسىمى زادى ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئارقا ـ ئارقىدىن تەكلىپ بېرىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر ئۆمەك تەشكىللەپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈشنى، بولۇپمۇ خوتەن خەلقىنىڭ سايلىمى ھەققىدىكى ئەرزلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئامالسىز جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللەشنى قارار قىلدى. 1947 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆلكە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ بىلەن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى خىزمەت ئۆمىكى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. ئەمما گومىنداڭ دائىرىلىرى «باشلىقنى قوغداش» باھانىسى بىلەن قوراللىق ساقچىلارنى كۆپەيتىپ، دەردمەن پۇقرالارنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار يەنە خوتەننىڭ قورچاق ۋالىيسى نۇر بەگ① (خۇدىگباڭ)، مۇئاۋىن ۋالى ئەخمەتتوختى ئەلەم② قاتارلىق فېئودال كۈچلەرنى تەشكىللەپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمىغا قارشى

① نۇربەگ ــ خوتەندىن. كىچىكىدە خەنزۇچە ئوقۇغان، 1940 ـ يىللىرى ئورۇمچىدە «جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1945 ـ يىلى خوتەنگە ۋالى بولغان. گومىنداڭنىڭ ئەڭ سادىق قولى. 1950 ـ يىل خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

② ئەخمەتتوختى ئەلەم ــ خوتەندىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي زات. ئازادلىق ھارپىسىدا خوتەنگە مۇئاۋىن ۋالى بولغان. 1949 ـ يىلى ھىندىستانغا قاچقاندا يولدا قازا تاپقان.

نى پاش قىلدى ھەمدە «11 ماددىلىق بىتىم» نى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ئۆزلىرى ئىشەنگەن زاتلاردىن ئۆزلىرىگە ھاكىم، ۋالىي سايلاشقا رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنگەن ئادىمى — خوتەندىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىسى ئابدۇقادىر ھەسەننى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلىدى. سايلامدا ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «يۇقىرىدىن تەستىق كەلمىدى» دېگەننى باھانە قىلىپ يېڭى سايلانغان ھاكىمغا تامغىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلدى ھەمدە سايلامدا خەلق تەرەپتە تۇرغان «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ① نىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بۇرھان شەھىدى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى كېلىپ قولغا ئېلىنغان ياشلارنى تۈرمىدىن بوشاتتى ھەمدە خوتەن خەلقىنىڭ سايلىمىنى ئېتىراپ قىلىپ، يېڭى ھاكىم ئابدۇقادىر ھەسەنگە ② تامغىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئەمما ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن نازارەتكە كەلگەنلەر قايتىپ كېتىشىگىلا يەنە نۇرغۇن ياشلارنى قولغا ئالدى. ھەتتا يېڭى سايلانغان ھاكىم ئابدۇقادىر ھەسەننىمۇ قولغا ئالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن: «بۇ ياشلار — كوممۇنىست، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى. بۇلار دىنىنى يوقاتماقچى، مەسچىتلەرنى يوقاتماقچى» دەپ تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ باردى. سايلام خىزمىتىدە ئاكتىپ ئىشلىگەن ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى «يۇقىرىدىن پۇل كەلمىدى» دەپ تەمىناتتىن قىستى.

---

① ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن 1946 - يىلى كۈزدە خوتەندە قۇرۇلغان ئىلغار ياشلار تەشكىلاتى. ئەينى يىللاردا ناھايىتى نۇرغۇن ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان.

② ئابدۇقادىر ھەسەن — «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ باشلىقى، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ شىفەن داشۆسىنىڭ پەخرى مۇدىرى بولغان. 1986 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

چوماق ۋە قامچىلىرى بىلەن دېھقانلارنى دۇمبالاپ «يوقالسۇن كوممۇنىستلار!»، «يوقالسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرى!» دەپ شوئار توۋلاشقا زورلايتتى. «نامايىشچىلار» ئارىسىغا يوشۇرۇنغان لۈكچەكلەر يول بويى ئالدىغا ئۇچرىغان ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى، «11 ماددىلىق بىتىم» نى ھىمايە قىلغۇچىلارنى ئۇرۇپ، دۇمبالايتتى. ئۇلار بۇ ھەيۋىسى بىلەن خەلق كۈچلىرىنى بېسىپ چۈشمەكچى ئىدى.

30 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن باشلاندى. يىغىن مەيدانىمۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىنى نامايىشچىلار قوشۇنى ئىگىلىگەنىدى. «11 ماددىلىق بىتىم» نى ھىمايە قىلغۇچى كۈچلەر يىغىن مەيدانىنىڭ سول تەرىپىدە قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. كۆرۈنۈشتە «نامايىشچىلار» كۆپ سانلىق، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر ئاز سانلىق ئىدى. ئەمما، يېزىلاردىن مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلىنگەن دېھقانلارنىڭ قەلبى «11 ماددىلىق بىتىم» نى ھىمايە قىلغۇچىلارغا مايىل ئىدى. گومىنداڭچىلار يېزىدىن ھەيدەپ كەلگەن دېھقانلارنى «دېھقان دېگەن دۆت»، بىز نېمە دېسەك شۇنىڭغا قول كۆتۈرىدۇ، دەپ ئويلاشقان ئىدى.

يىغىندا ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى سۆز قىلىپ گومىنداڭ دېموكراتىيىسىنى تازا ماختىدى. ئاندىن: «ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم كەڭ خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئاساسەن ھەل قىلىدىغانلىقى» نى ئېلان قىلدى. ئارقىدىن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئاۋاز بېرىشنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكالاپ: «ئاۋۋال ئىلگىرىكى سايلام كۈچكە ئىگە دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار» دېدى. مەيداندا 10 مىڭدىن ئارتۇق قول ئېگىز كۆتۈرۈلدى. بۇ قوللار ئىچىدە يېزىدىن مەجبۇرىي ھەيدەپ كىرىلگەن دېھقانلارنىڭ قولى ھەممىدىن كۆپ

نامايىش ئۆيۈشتۇردى. ناماييشچىلار: «يوقالسۇن ئەخمەتجان قاسىمى!» دەپ شوئار توۋلاشتى. ئۇلار تەشكىللىگەن بىر توپ كالتەكچىلىك لۈكچەكلەر ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالدىغا ئەرز سۇنغىلى ماڭغان خەلقنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ ئۇر - ئۇر قىلدى. بۇ دەرت - ئەلەمگە چىدىمىغان خەلق توپىمۇ ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئەخمەتتوختى ئەلەمنىڭ سەللىسىنى بېشىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، تاشلىۋەتتى. چوڭ پومىشچىك خاتەم ھاجىنى ئۇرۇپ خېمىر قىلىۋەتتى. بەگلەر تەشكىللىگەن لۈكچەكلەر شايكىسىنىمۇ سۇر - توقاي قىلىۋەتتى.

ئەنە شۇنداق جىددىي پەيتتە ئەخمەتجان قاسىمى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي، كونا شەھەر رايونىغا كېلىپ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. نامرات ئائىلىلەرنى يوقلاپ ھال سورىدى. شەھەردىن سەككىز كىلومېتىر يىراقتىكى پىلىچىلىك كارخانىسىغا چىقىپ ئىشچىلارنى يوقلىدى. ئۇ بارغانلا يېرىدە خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ قەيسەر روھىنى مەدھىيىلىدى، ئۇلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ۋەكىللەر خوتەندە بىر چوڭ ئاممىۋى يىغىلىش ئاچماقچى بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە بىر كومېدىيە ئويىندى. ئۇلار ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى يېزا - يېزىلارغا ئەۋەتىپ دېھقانلارغا 10 مىڭ چوماق ياسىتىپ، دېھقانلارنى شەھەرگە كىرىپ ناماييش قىلىشقا زورلىدى. يىغىن كۈنى ئۇلار دېھقانلارنى مەجبۇرىي سەپ قىلىپ تىزىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇقراچە كىيىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، ساقچى - ئىشپىيونلار بار ئىدى. سەپنىڭ ئالدىدا قازانىدەك يوغان سەللە ئورىغان ئەخمەتتوختى ئەلەم ۋە ئۇنىڭ چاپارمەنلىرى ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇلار

## بۇ بالا ۋەتەننىڭ ئوغلى

ئەخمەتجان قاسىمى بىرنەچچە ھەمراھلىرى بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىدا كېتىۋاتاتتى. بىر ـ بىرىدىن خارابىي ئۆيلەر بۇ مەھەللىدە كەمبەغەللەرنىڭ كۆپلۈكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. «بىر ئۆمۈر ھايۋان ئورنىدا ئىشلەپمۇ قورساق تويغۇدەك ئاماق يېيەلمەيدىغان بىچارە خوتەن خەلقى، سىلەرگىمۇ ئازادلىق كۈنلەر ئاز قالدى... ئۆز تەقدىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار بەلگىلەيدىغان كۈنلەر ئاز قالدى» دەپ ئويلايتتى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ئىچىدە.

ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىر دوقمۇشتىن ئەگىشەندە يېرىم قانىتى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر دەرۋازا ئالدىدا بېشىغا نېپىز ئاق دوپپا كىيگەن، كونا چاپانلىق بىر بالىنىڭ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ بىر كونا كىتابنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. بالا كۆپ بولسا 10 — 11 ياشلاردا بار ئىدى. ئەمما خۇددى چوڭ كىشىلەردەك گاھ ـ گاھ كىتابىتىكى بىر نۇقتىغا قاراپ تىكىلىپ تۇرۇپ قالاتتى، گاھ ـ گاھ كىتابتىكى بەزى سۆزلەرنى تىرنىقى بىلەن يەرگە جىجاپ يېزىپ باقاتتى... ئۇ كىتابقا شۇنداق بېرىلگەن ئىدىكى، يېنىغا بىر توپ ئادەملەرنىڭ كەپقالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى بالىغا ھەۋەس قىلىپ ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇردى. بىر ھازادىن كېيىن بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ يېنىدا تۇرغان ناتونۇش ئادەملەرنى كۆردى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى ھەمدە قولىدىكى كىتابنى ئىتتىك يېپىپ كەينىگە تىقىۋالدى.

ـ ئەخمەتجان قاسىمى بالىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ـ دە، ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى:

ـ بالام، ئىسمىڭ نېمە؟

ئىدى! بەگ ۋە لۈكچەكلەر! «قولىڭنى تاشلا» دەپ ۋارقىراپ چوماق ۋە قامچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ باشلىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن، شۇنچە كۆپ قولنى بىر نەچچە كىشىنىڭ زوراۋانلىقى قانداقمۇ پەسكە چۈشۈرەلىسۇن؟ «سايلامنى كۆچكە ئىگە ئەمەس، دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندا خۇددى سازلىقتا ئۈنگەن شالاڭ جىگدىدەك ئۇ يەر - بۇ يەردە بىردىن - ئىككىدىن قول كۆتۈرۈلدى. بۇلار ئاساسەن كونا ئەمەلدارلار، بەگ بۇجاڭلار ۋە «نامايىشچىلار» ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئەسكەر، لۈكچەكلەر ئىدى. مەيدان ئىچىنى مەسخىرە كۈلكىلىرى قاپلىدى.

— جاپاكەش خوتەن خەلقى! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى سۆزگە چىقىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ خەلق قەلبىنى ھاياجانغا سالدى، — سىلەر تارىختا ئەڭ كۆپ ئېزىلگەن خەلق. نامراتلىق دەردىنى ئەڭ كۆپ تارتقان خەلق. شۇڭا سىلەر ھاكىمىيەتنىڭ توغرا، ئادىل، خەلقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇشىغا بەكمۇ موھتاج. بىز ئۆتكەنكى سايلامنى ھىمايە قىلىپ كۆتۈرۈلگەن قوللارنىڭ كۆپلۈكىدىن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى چۈشەندۇق. خۇددى جاڭ جىژجۇڭ ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، — دېدى ئۇ جاڭ جىژجۇڭ ئەپەندىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ، — ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلار بويىچە ھەل قىلىدۇ!

شۇ كۈنى ئۆزلىرى ئۇيۇشتۇرغان ساختا نامايىش ئارقىلىق تولىمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى سوغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سولىشىپ كەتتى، خوتەن خەلقىنىڭ خەلق سايلىمى غەلىبە قىلدى.

(بۇ ھېكايىنى جاپپار ئەمەت سۆزلەپ بەرگەن)

بېرىپ كۆتۈۋالدى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئايال بىلەن قىزغىن سالاملاشتى، ھەمدە شىڭ شىسەي قەتلى قىلغان يولدىشىنىڭ ئەھۋالىنى، ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ۋە بالىسىنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى سورىدى.

— دادىسى بولسىغۇ بالىنى ياخشى ئوقۇتار ئىدى،.. ئايال كىشى ئاجىز بولىدىكەن... بالىنى ئوقۇتالمىدىم. ئۆزى شۇ دادىسىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ يۈرىدۇ...

ئايالنىڭ كۆزى ۋىلىلدە ياشقا تولدى. ئەمما ئۇ چاندۇرماستىن ماڭلاي چېچىنى ئوڭشىغان بولۇپ كۆز يېشىنى يوقىتىۋەتتى.

— مەنمۇ مۇشۇ بالىدەك ۋاقتىمدا دادامنى جازانىخورلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — ئانام ئىككىمىز خېلى يىللار ئۇنىڭ-بۇنىڭ ئىشىكىدە مالاي بولۇپ ئىشلىدۇق. كېيىن ئوقۇماي تۇرۇپ ياخشى كۈنلەرگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. مەنمۇ ئاندىن مۇشۇ بالىڭىزدەك ئۆزۈم ساۋات چىقىرىپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولدۇم. كېيىن مەكتەپلەردە ئوقۇدۇم. بۇ بالىڭىز ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىكەن. قورساقتا يېرىم-ياتا يېسىڭىزمۇ بالىنى ئوقۇتۇڭ. بالىلار ئوقۇش بىلەن ياخشى كۈنگە ئېرىشىدۇ. باشقىلارنىمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. ئۇ چاغدا بالىنى باققان ئانىمۇ رازى بولىدۇ، ئەل-يۇرتمۇ رازى بولىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق دېدى-دە، يېنىدىن بىر-دانە قەلەم، بىر پارچە خاتىرىنى چىقىرىپ بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن بىر بولاق پۇلنى ئالدى-دە، ئانىنىڭ ئالدىغا قويدى:

— بۇ بالا سىزنىڭ ئوغلىڭىز ھەم ۋەتەننىڭ ئوغلى، بۇ پۇلنى بالىنىڭ ئوقۇشىغا خىراجەت قىلىڭ.

بالا ناھايىتى زېرەكلىك بىلەن ئالدىدىكى بۇ ئادەمنىڭ ئۇستىبېشىغا لەپپىدە بىر قاراپ چىقتى ـ دە، ئۆزىنى سەل توختىتىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— مۇھەممەت توختى.

ئەخمەتجان قاسىمى سوراشقا باشلىدى:

— داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— شىڭ شىسەي تۇتۇپ كېتىپ يوق قىلىۋەتكەن.

— ئۆيدە ھازىر نەچچىڭلار بار؟

— ئانام ئىككىمىز يالغۇز.

ئەخمەتجان قاسىمىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن خوتەنلىك بىر كىشى ئەھۋالنى چۈشەندۈردى:

بۇ بالا توختاخۇن دېگەن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوغلى ئىكەن. 1939 - يىلى قىشتا شىڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى ئەينى چاغدا خوتەندە باش كۆتۈرگەن نەچچە 100 بىلىملىك كىشىنى كېچىلىرى تۇتۇپ كېتىپلا مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئوقۇتقۇچى توختاخۇنمۇ شۇ قاتاردا ھەپسىگە ئېلىنىپ يوقاپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بۇ ئوغلى شۇندىن بېرى بىر ئۆيدە يالغۇز كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بالىغا بولغان مېھرىبانلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

— سەن كىتاب ئوقۇشنى كىمدىن ئۆگەنىدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بالىدىن.

— كىچىك ۋاقتىمدىلا دادام جىق ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. ھەرپلەرنى يېزىشنىمۇ دادام ئۆگىتىپ قويغانتى.

شۇ ئارىدا ھويلىدىن بىر ئايالنىڭ بالىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بالا ئەتراپتىكىلەرگە ۋىللىدە بىر كۈلۈپ قويدى ـ دە، ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىممۇ بالىغا ئەگىشىپلا ھويلىغا كىردى. ھويلىدا ئۇنى قارىمۇتۇق بىر چوكان سالام

پىلىموت، زەمبىرەكلەر بىلەن «قوغدىلىۋاتقان» ۋالىي مەھكىمىسىگە كىرەلمەي ئارمىنىدا قايتىپ كەتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى دەرھال بىر خىل رەزىل پىلان تۈزۈپ چىقتى، ئۇلار «بىر توپ لۈكچەك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان» دېگەن ئىغۋانى تارقاتتى ـ دە، مۇشۇ بەدنام ئارقىلىق خوتەندىكى بىر قىسىم ئىلغار ياشلارنى يوقاتماقچى بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۆزىنى «قوغداش» باھانىسى بىلەن سىرتقا چىقارمايۋاتقانلىقىدىن ناھايىتى بىئارام بولدى. لېكىن ئەكسىيەتچى كۆچلەرنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي، ئۇلارنىڭ سۇيىقەست قىلىشىدىنمۇ قورقماي، كونا شەھەر رايونىغا بېرىپ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى كونا شەھەر رايونىغا كېلىشى بىلەنلا خەلقلەر ئۆي ـ ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپلا بىردەمدىلا ئۇنى ئورىۋالدى. ئۇلار «ياشىسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى!» «زالىم گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنى يوقىتايلى!» دەپ شوئار توۋلايتتى. بەزى دەردمەن بىچارىلەر ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئۈنسىز بۇقۇلداپ يىغلايتتى. بۇ يىغا دەردمەنلەرنىڭ قايغۇ ـ ئازابلىرى ھەم يۈرەك سۆزلىرى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— قەھرىمان خوتەن خەلقى، ئادالەتپەرۋەر خوتەن خەلقى، ئەمگەكچان خوتەن خەلقى، دەردمەن خوتەن خەلقى، — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — بىز ئاخىر غەلىبە قىلىمىز، زالىملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز!

ئەخمەتجان قاسىمى بىرنەچچە يوقسۇللارنى يوقلىدى. ئۇ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھويلىسىدا بىرنەچچە ياش بىلەن قىزغىن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا، ھويلىغا گومىنداڭنىڭ بىر توپ ساقچىسى

ئەخمەتجان قاسىمى كەينىگە ئۆرۈلۈپ يېنىدىكى خوتەنلىك كىشىگە بۇ بالىنى بۇگۈنلا مەكتەپكە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپشۇردى.

بۇ ئىنسانپەرۋەر زاتنىڭ مېھرىبانلىقى ھېلىقى بالا ۋە ئۇ-نىڭ ئانىسىنىڭ بىۋاپا زامان مۇزلىتىۋەتكەن يۈرەكلىرىنى ئېرىتىۋەتتى بولغاي، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەت-تى... ھەتتا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كەينىدىن ماڭغان ھەمراھلىرى-نىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

## بۇلار مېنىڭ دوستلىرىم

ئەخمەتجان قاسىمى خوتەنگە كېلىشى بىلەنلا خوتەندىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ئۇلار خەلق ئام-مىسىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمنى «قوغداش» باھانىسى بىلەن ئۇ تۇرغان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىنى قاتتىق قامال قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى خوتەنگە كېلىپ ئەتىسى ئەتىگەندە بىر توپ خەلق ئەخمەتجان قاسىمغا ئەرز قىلىش ئۈچۈن ماڭ-غانىدى، لۈكچەك ۋە ئىشپىيونلار يولنى توسۇۋېلىپ، ئىككى ئوتتۇ-رىدا جىددىي توقۇنۇش يۈز بەردى. غەزەپلەنگەن خەلق توپى بۇ لۈكچەك ۋە ئىشپىيونلارنىڭ تەشكىللىگۈچىسى خوتەننىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مۇتەئەسسىپ دىنىي زات ئەخمەتتوختى ئەلەمنىڭ ئەل-لىسىنى تارتىۋېلىپ، چوڭ پومشىچىك خاتەم ھاجىنى ئۆرۈۋېتىپ خېمىر قىلىۋەتتى. بەگلەر تەشكىللىگەن لۈكچەك ۋە ئىشپىيونلارمۇ بەدەر قاچتى.

ئەمما ئەرز ھالىنى ئېيتقىلى كەلگەن بۇ خەلق توپى

سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كۈرۈك توخۇدەك تۈگۈلۈپ، ھويلىدىن ئارانلا چىقىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ھېلىقى ئۇلغار ياشلار بىلەن خېلى ئۇزۇن مۇڭداشتى ھەمدە ئۇلارغا باراۋەرلىك، ئازادلىق، ئادالەت ھەققىدە ئاجايىپ گەپلەرنى دەپ بەردى.

## ئۇ بۆردىمۇ ياكى قوي يېمەيدىغان ئىتمۇ

گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغاندا دەرھال ياۋاش - يۇمشاق بولۇپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى - دە، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ «11 ماددىلىق بىتىم» گە ئىمزا قويدى. ئەمما گومىنداڭچىلار ئۇرۇش توختىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ دەرھال كۈچ توپلىدى - دە، «11 ماددىلىق بىتىم» تېخى ئىجرا قىلىنىپ بىر ئايغا بارمايلا ئۇنىڭغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ تىنچلىقنى بۇزۇشقا باشلىدى. «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ بىرىنچى ماددىسىدىكى: «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىغە ئۇلارنىڭ ئىشەنگەن يەرلىك خەلقلىرىدىن مەمۇرىيەت خادىملىرىنى سايلاش ھوقۇقىنى بېرىدۇ» دېگەن سۆزىگىمۇ ئەمەل قىلماي، سايلامنى خىلىمۇ خىل شاختا ئۇسۇللار بىلەن يۈرگۈزۈپ، خەلق ئىختىيار قىلغان ئادەملەرنى سايلاتمىدى. يەكەندە سايلام بولغاندا، ئۆز گۇماشتىلىرىغا 40 — 50 تىن سايلام بېلىتى بېرىپ، ئاۋازنى كۆپەيتتى. ھەتتا ئۆزىگە ئاۋاز بەرمىگەنلەرنى ئۇرۇپ زەخمىلەندۈردى. كۆپ كىشىلەر شۇكى، ئۇلار «ئۇنداق ئادىل سايلام بولدى، بۇنداق

باستۇرۇپ كىردى - دە، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمغا «قەست قىلماقچى بولغان» بۇ ياشلاردى قولغا ئالماقچى بولدى. بۇ ياشلار ئەسلى خوتەن تەۋەسىدىكى «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئاكتىپ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ قېتىمقى سايلامدا ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلغانىدى. ساقچىلار ھويلىنى جىددىي قورشاۋغا ئالدى، ئەمما ئۇلار بۇ ياشلار ئارىسىدا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلار قولغا ئېلىنىدىغانلارنىڭ ئىسمىلىكى ۋە جىنايىتىنى ئېلان قىلىپ بولۇپ، ئىسمى ئاتالغان ياشلارنىڭ قولىغا كويزا سالماقچى بولغاندا، ياشلار ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆردى. بۇيرۇق ئېلان قىلغان ساقچى باشلىقى ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆرۈپ شۇنداق قورقۇپ كەتتىكى، كەينىگە ئۈچۈپ كەتكىلى تاس - تاماس قالدى. ئۇ تاتىرىپ، دۇدۇقلاپ:

— رەئىس ئەپەندىم، سىز... سىز... — دېدى - يۇ، كېيىنىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدىكى ئىككى ياشنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى - دە، ساقچى باشلىقىغا ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— سىلەر خاتا ئويلاپسىلەر ساقچى ئەپەندىلەر، بۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، دوستلار ھەرگىز بىر - بىرىگە قەست قىلمايدۇ، — ئەخمەتجان قاسىمى ئەتراپتىكى ياشلارغا قاراپ بىر كۈلۈمسىرىۋالدى - دە، ساقچى باشلىقىغا قاراپ، — سىزگە ئوخشاش ئىككىسى بار قوراللىق ئادەملەردىن ئېھتىيات قىلساق بولىدۇ! — دېدى.

شۇ ھامان ھويلىدا «پاراققىدە» مازاق كۈلكىسى كۆتۈرۈلدى. شۇنداق ھەيۋە بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلگەن ھېلىقى ساقچىلار

ئۇ ئاغرىق - ئاغزىغا تەگمەي گەپ سېتىۋاتقاندا، ئىت باقار ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تېپىپ شۇنداق دەپتۇ:

— سەن بۆرە بولساڭ، مەن چىچىم ئاقارغان قېرى ئىتلەرنىڭ خۇي - پەيلىڭلارنى ياخشى بىلىمەن. زامانى ئاۋۋالدىن بۆرە ھەر قاچان ئىتقا ئۆزگەرگەن ئەمەس!

ئەخمەتجان قاسىمى نېمىنىدۇر بىر دەم خىيال قىلىشىپ سۆزىنى شۇنداق خۇلاسىلىدى:

— سىز جۇڭگاڭگاڭنى قوي يېمەيدىغان ئىت بولدى دەمسىز؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ھېلىمۇ بۆرە، ئۇ ھېلىمۇ قوي يەۋاتىدۇ. مەن يېقىندا يەكەندىن نەچچە ئون پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ھەممىسى جۇڭگاڭنىڭ بىنەۋدە تۈرمىگە ئالغان بالا - چاقىلىرى، ئۇ ناھەق ئۆلتۈرگەن دوست - يارەنلىرى ھەققىدە يېزىلغان شىكايەتنامە. مەن بۇ ئەرز شىكايەتلەرنى گېزىتتە ئېلان قىلماقچى، تېنى شۇ چاغدا سىز ئۇنى «ئۇ بۆرىلىكتىن ۋاز كەچكەنتى، قوي يېمەيدىغان ئىت بولغانتى» دېيەلەمدىكەنسىز؟

ئەخمەتجان قاسىمى سوراق نەزەرى بىلەن ھېلىقى ئەرباب ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ئەمما ئۇ ئەرباب ئۇنىڭ كۆزىگە قاراش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كىسكەچلەپ سۆزمۇ قىلالماي قالدى.

## ئىسسىق دىيكا

1943 - يىلى، ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ گۇندىپايلىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى بەش كىشىلىك كامېردىن تار، قاراڭغۇ كامېرغا يۆتكىدى. ئادەتتە ئىشىكى كۆپ ئېچىلمىغاچقا زەيلىشىپ كەتكەن بۇ ئۆي ناھايىتى سېسىق پۇرايتتى.

ئادىل سايلام بولدى» دەپ ھەممە يەردە ئۆزلىرىنى ماختاشتى،
بىر كۈنى گومىنداڭنىڭ بىر مەشھۇر ئەربابى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ:
— يەكەندىكى سايلام بەك ئادىل بولدى. يولداش جۇ-فاڭگاڭنى ۋالىي سايلىدى. ھەممە ئادەم ئۇنى ياخشى كۆرىدى-كەن، — دېدى:
ئەخمەتجان قاسىمى مىيىقىدا كۈلدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىگە مەسخىرە ھەم غەزەپ، ئۆچلۈك ھەم بىر خىل سەۋرى - تاقەت يوشۇرۇنغان ئىدى. ئۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، ھېلىقى ئەربابنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە شۇنداق دېدى:
— ئەپەندىم، مەن سىزگە بىر تەمسىل ئېيتىپ بېرەي: بىر بۆرە كېچىسى قوي قوتىنىغا چۈشمەن دەپ ئۇقۇشماي ئىت قوتىنىغا چۈشۈپ قاپتۇ، بۆرىنىڭ ھىدىنى سەزگەن ئىتلار ھاۋشۇشقا باشلاپتىكەن، ئىت باقارلار: «ئوغرى كەلدى، چىراغنى ئېلىپ كەل!» دەپ ۋارقىراپ قوتانغا يۈگۈرۈپتۇ. ئۇلار تاياق - توقماق ۋە چىراغ كۆتۈرۈپ قوتانغا كىرسە، بۆرە بىر بۇلۇڭدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغۇدەك. بۆرىنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ، تۈكلىرى تىكىلىپ، كۆزلىرى چاقچىراپ چىققىدەك بوپتۇ. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ قوي ئارىسىدا ئەمەس، ئىتلار ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال سۆھبەت باشلاپتۇ:
— ۋاي ئاغىنىلەر! بۇنچە غەۋغانىڭ نېمە كېرىكى؟ مەن سىلەرنىڭ كونا ئاغىنەڭلار ھەم تۇغقىنىڭلار ئەمەسمۇ؟ مەن سىلەر بىلەن كۆچ سىناشقىلى كەلمىدىم. بۇرۇنقى ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇپ يارىشىش ئۈچۈن كەلدىم. بۇندىن كېيىن باشقىلارنىڭ قويىغا تەگمەيمەن. مەن شۇنداق قەسەم بېرىمەنكى، سىلەر ئۈچۈن بۆرىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىمەن!

جاپاكەش قازاق مىللىتىنىڭ ئات ـ تۆگىلەر بىلەن تىك تاغلاردىن
ھالىقىپ ئۆتتۈۋاتقان توپ ـ توپ كۆچلىرى، رەڭدار گىلەمدەك
چاقناپ تۇرغان گۈزەل ياپلاقلارنىڭ يارقىن كارتىنىسى پەيدا
بولاتتى. ئۇنىڭ ئىسكەردىكىسى توختىغاندا ئەخمەتجان قاسىمى
ھېكايە باشلايتتى. ئۇ ھېكايىگە ئاجايىپ ئۇستا ئىدى: ئۇ
خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئارقىلىق ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى
ئاجايىپ كۈلكىلىك مەسخىرە قىلاتتى. ئۇنىڭ بەزى ھېكايىلىرى
شۇنداق كۈلكىلىك ئىدىكى، ۋۇجۇق تىلىقىپ، دومىلاپ
كېتەتتى. ئەمما شۇنداق خۇشال چاغلاردا پات ـ پات قاي-
غۇلۇق ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. گۇندىپايلار ئەخمەتجان قا-
سىمىنى ئېلىپ چىقىپ، خىلمۇ خىل جازا ئۇسۇللار بىلەن
قىيناپ سوراق قىلاتتى. بىر كۈنى چۈشكە يېقىن ۋۇجۇق ئۆزى
ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «ئەركىنلىك ئوغلىمەن» دېگەن ناخشىنى
ئىسكىرىپكا چالغاچ ئېيتىۋاتاتتى. مۇڭلۇق ناخشا ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىپ، ئۇنى گۈزەل ئارزۇلار
قوينىغا غەرق قىلغانىدى. ئۇمۇ ئاخىر ناخشىغا جور بولدى. تو-
ساتتىن كامېرنىڭ ئىشىكى جالاقلاپ ئېچىلدى ـ دە، گۇندىپاي
ئېتىلىپ كىرىپ ۋۇجۇقنىڭ قولىدىكى ئىسكىرىپكىنى دەسسەپ
پاچاق ـ پاچاق قىلىۋەتتى. ئاندىن ئەخمەتجان قاسىمىنى
مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن دۈشكەلەپ ھەيدەپ چىقىپ كەتتى.

ۋۇجۇق چۆل ـ چۆل بولۇپ كەتكەن ئىسكىرىپكىسىغا كۆ-
زىگە ياش ئالغان ھالدا بىر ـ ئىككى سائەت قاراپ ئولتۇرۇپ
كەتتى. كېيىن ئورنىدىن زورىغا تۇرۇپ كامېر ئىچىدە ئۇياق ـ
بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ پات ـ پاتلا سوراقخانا تەرەپتىن
كېلىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنامدىكىن دەپ ئىشىككە قۇلىقىنى
يېقىپ باقاتتى. ئەمما، بۈگۈن ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىنى نا-
ھايىتى ئۇزاق سوراق قىلدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىمۇ كامېر-

سىرتتىن كىرگەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆزى دەماللىققا تازا كۆرمەي، يوسۇغىدا يۇك ـ تاقلىرىنىڭ ئۈستىدە بىر دەم ئولتۇردى.

تۇساتتىن كامېرىنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدىن بىر قازاق كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ قايدىن كېلدىڭ بۇرادەر؟

ئەخمەتجان قاسىمى ئاۋاز چىققان تەرەپكە سەپسالدى: بۇلۇڭدا ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ياداڭغۇ بىر كىشى بىر ئىسكىرىپكىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

ــ 17 ـ كامېردىن يۆتكەلدىم، ــ دېدى ئەخمەتجان قاسىمى مۇلايىملىق بىلەن.

ــ ھە، كۆپ سۆزلەيدىكەنسەن ـ دە؟ ئۇلار مەھبۇسلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئادەمدىن ناھايىتى خەۋپسىرەيدۇ. مېنىمۇ ئىسكىرىپكىنى كۆپ چېلىپ مەھبۇسلارنى مەلىكە قىلىۋالدىڭ دەپ مۇشۇ يالغۇز ئۆيگە سولاپ قويدى. مانا ئۈچ ئايدىن بېرى بۈگۈن سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىم... كەل، تونۇشۇپ قويايلى. مېنىڭ ئىسمىم ۋۇجۇق، ئالتايدىن، شەنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇيتتىم. «ئەركىنلىك ئوغلىمەن» دېگەن بىر ناخشىنى ئېيتقىنىم ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلىدى. بىر يىلدىن بېرى بەر قېتىممۇ سوراق قىلمىدى. مېنى ئۇلار ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ...، ــ ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

ۋۇجۇق ئاجايىپ چىقىشقاق ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بىردەمدىلا ئۇنىڭ بىلەن كونا دوستلاردەك سىردىشىپ كەتتى. ئۇلار بۇ تار، قاراڭغۇ كامېردىكى زېرىكىشلىك كۈنلەردىن ئازاد بولدى. ۋۇجۇق ئىسكىرىپكىغا بەكمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇ قازاقچە ناخشىلارنى ئاجايىپ مۇڭلۇق ئېيتاتتى. ئىسكىرىپكا بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازى قوشۇلغاندا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆز ئالدىدا

ئاپلا، مانا، ئويۇندىن بالا - قازا چىقتى! ۋۇجۇق دەسلەپ ئىشەنمىدى. كېيىن راستلا قورقتى - دە، ئۇنىڭ كۆڭلىگىنى يېشىپ قارىدى.

ۋۇجۇقنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ۋاي - ۋۇي، بۇ ۋەھشىيلەرنى. ئادەم قىلىپىدىن چىققان زالىملارنى! ئۇلار بۈگۈن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىككى بىلىكىنىڭ بۆلۈجۈك گۆشلىرىنى ئامبۇر بىلەن يۇلۇپتۇ. ئىككى بېقىنىنى قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن داغلاپتۇ! ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن ھېلىغىچە قان تەپچىرەپ تۇراتتى. كاۋاپتەك يۇچۇلۇنۇپ كەتكەن بېقىنلىرىدىن سۇلۇق قاپارتقۇلار ئۆرلەپ كەتكەنىدى...

— مەن گالۋاڭ، مەن ساراڭ، بۇنچە يارىلانغانلىقىڭىزنى ئۇقماي، سىزنى يەنە ئازابلاپتىمەن، — ۋۇجۇق ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ كەتتى. ئەمما، بۇ سۆزلەرنى ئەخمەتجان قاسىمى ئاڭلىيالمىدى. ئۇ تېخىچە بىھوش ياتاتتى.

كۈتۈلمىگەندە يەنە بىر پالاكەت يۈز بەردى: كامېرنىڭ ئىشىكى شاراقلاپ ئېچىلدى - دە، ئىككى گوندىپاي كىرىپ كەلدى. ئۇلار ۋۇجۇققا ناھايىتى سۈرلۈك تىكىلىپ، يالاڭ تاقىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشنى بۇيرۇدى. ئەمما ۋۇجۇق گاڭگىرىغان ھالدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. گوندىپايلارنىڭ بىرى غەزەپ بىلەن مىلتىق پاينىكىدە ۋۇجۇقنى بىرنى سالدى - دە، قايتا بۇيرۇق قىلدى. ۋۇجۇق يەنە ئورنىدىن قوپمىدى. ئەمدى گوندىپايلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ۋۇجۇققا تاشلىنىپ، ئۇنى تالاغا سۆرەپ چىقتى - دە، يالاڭ - تاقىلىرىنى چالا - بۇلا يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. ۋۇجۇق بولسا: «ئەخمەت دوستۇم، ئەخمەت!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى كامېردىن يىراقلاشتى...

ئەخمەتجان قاسىمى ئالاھەزەل بىرەر سائەت بىھوش

غا قايتۇرمىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدىمۇ قايتىپ كەلمىدى. ۋۇجۇق قەدىردان سەپدىشىنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى ئويلاپ بەكمۇ بىئارام بولدى، ئاخىرى ئەل ياتقۇ بولدى. كامىر ئىشىكى ئېچىلدى - دە، ئىككى گۇندىپاي ھالسىزلانغان ئەخمەتجان قاسىمىنى كامىر ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىككە شاراق-لىتىپ قۇلۇپ سېلىپ كېتىپ قالدى.

ۋۇجۇق ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى. لېكىن ئەخمەتجان قاسىمى خۇشياقمىغان ھالدا قولىنى «گەپ قىلما» دېگەن مەنىدە لىڭشىتىپ تويدى - دە، ئورنىغا ئۆزىنى تاشلاپلا يېتىۋالدى. ۋۇجۇق ئۇنىڭ تامىقىنى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەخمەتجان قاسىمى بېشىنى چايقاپ قويۇپ يېمىدى. ئۇنىڭ روھىي ناھايىتى چۈشكۈن ئىدى. ۋۇجۇق سوراقخانىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى سورىسىمۇ جاۋاب بەرمىدى. ۋۇجۇق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى- قىلىپ باقتى. لېكىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۇنىڭغا قارايدىغان ھالى يوق ئىدى. ئارىدىكى بۇ جىملىق ۋۇجۇقنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. ئەمدى مۇڭلىنىپ چالىدىغان ئىسكىرىپكىسىمۇ يوق. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ جىم ئولتۇرۇپ بېقىپ تاقەت قىلالمىدى - دە، قازاق خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىگە قىلىدىغان چاقچىقىنى — دوستىنى غىدىقلاپ، چىمدىپ ئويناشنى باشلىدى. ئۇ دەسلەپ ئەخمەتجان قاسىمىنى: «ھېكايە ئېيتىپ بەر...» دەپ غىدىقلىد-دى، ئەخمەتجان قاسىمى «ۋوي، ئەتە ئېيتىپ بېرەي، بۈگۈن ھالىم يوق» دەپ يالۋۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن، دېگەن ۋۇجۇق چاقچىقىنى يەنىمۇ قوپاللاشتۇرۇپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىككى بېقىنىنى چىمداشقا باشلىدى. ئەخمەتجان بىر دەم يال-ۋۇرۇپ ۋايجانلىدى - دە، بىردىنلا تاتىرىپ ھوشىدىن كەتتى.

ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما ۋۆجۇقنى سىرتتىمۇ ئۇچرىتالمىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئىسكىرىپكا سونۇقلىرىنى غۇلجىغا ئېلىپ قايتتى.

ئۇ غۇلجىغا بېرىپلا يەر ئاستى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1944 - يىل 11 - ئايدا ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلىدى. غۇلجا، بورتالا، شىخو قاتارلىق شەھەرلەر ئارقا - ئارقىدىن ئازاد بولدى. 1945 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت باشلاندى. 1946 - يىل 1 - ئايدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالىنىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئەخمەتجان قاسىمى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

«11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ روھىغا ئاساسەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز تەۋەلىرىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش شەرت ئىدى. شۇڭا ئەخمەتجان قاسىمى ۋۆجۇقنى بىرىنچى بولۇپ سوراشتۇرۇپ قىلدى. ئاخىر ۋۆجۇقنىڭ بىر يىل ئىلگىرى تۈرمىدىن چىقىپ ئالتايغا كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ئەخمەتجان قاسىمى يەنە ئالتايغا خەت يېزىپ ۋۆجۇقنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى.

1946 - يىل، كۈز كۈنلىرى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بىر ئۆمەك تەشكىللەپ ئالتايغا خىزمەت تەكشۈرگىلى باردى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ئالتاي ۋالىيسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ۋۆجۇقنى چاقىرتقۇزدى. بىر ئازدىن كېيىن چاقىرغىلى بارغان كىشى كېلىپ ۋۆجۇقنىڭ ھازىر يېتىپ بارىمەن دەپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئەخمەتجان قاسىمى ئىككى سائەت كۈتسىمۇ ۋۆجۇق كەلمىدى. ۋالىي يەنە ئادەم ئەۋەتتى. بۇ

ياتتى - دە، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بېقىنلىرىنى ئاستا سىلىغىنىچە ۋوجۇقىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. لېكىن جاۋاب بولمىدى. ئاخىر ئۇ كۆزىنى ئاچتى - دە، ۋوجۇقىنىڭ يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىنى بىلىپ، تېخىمۇ ئازابلاندى. بايا گوندىپايلار ئۇنى سوراق قىلغاندا بوگون ۋوجۇق بىلەن ئېيتقان ھېلىقى «ئەركىنلىك ئوغلىمەن» دېگەن ناخشا ئۇچۇنمۇ يېرىم سائەتچە ئازابلاشقان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا، ھېچبولمىغاندا «خوش!» دېيەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلاندى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىسكىرىپكا سونۇقلىرىنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ باردى - دە، ئۇنى دەستىلەپ بىر كونا كۆڭلەككە ئاۋايلاپ چىگدى.

ئەخمەتجان قاسىمى شۇ كامېردا يەنە ئىككى ئاي يالغۇز ياتتى. ئۇ ھېلىقى ئىسكىرىپكا سونۇقلىرىنى كوندە بىر قېتىم جايى - جايىغا سەپلەپ باقتى. ئۇ شۇنداق ئويلاپ كېتەتتى، ھەي، ئازراق ياريېلىم بولسا، ئىسكىرىپكىنى يەملەپ، ۋوجۇققا ئەۋەتىپ بەرسەم، ئۇ ھېلىقى «ئەركىنلىك ئوغلىمەن» دېگەن ناخشىغا بەنە بىر چالسا...

ئەپسۇسكى، ئەخمەتجان قاسىمى گوندىپايلاردىن يالۋۇرۇپ سوراپمۇ ياريېلىم ئالالمىدى. شۇنچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ ۋوجۇقىنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكىنى ئۇقالمىدى. پەقەت ھېلىقى ئىسكىرىپكا سونۇقلىرىلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قالدى.

1943 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا شىڭ شىسەي بىر قېتىم سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن بوشاتتى. بۇ ئۇنىڭ تورنى تېخىمۇ كەڭ يېيىپ، يەنىمۇ كۆپ ۋە چوڭ بېلىقلارنى تۇتۇش قەستى ئىدى.

شۇ قىلتاقتا ئەخمەتجان قاسىمىمۇ تۈرمىدىن بوشىتىلدى. ئۇ تۈرمىدىن ھېلىقى ئىسكىرىپكىنىڭ سونۇقلىرىنىمۇ بىللە

ئۇنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇلۇڭ. ئۇ ۋاقتى يەتسە ماڭا خەت يازسۇن. ئەگەر ئۇرۇمچىگە بېرىپ قالسا مېنى ئىزدىسۇن!

ئەخمەتجان قاسىمى قايتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋۇجۇق ئالتايدا پەيدا بولدى. ۋالىي ئۇنى چاقىرىپ كەلدى - دە، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— سەن ئادەم ئەمەس. ئىكەنسەن، بىر ئۆلكىنىڭ رەئىسى كۆرۈشەي دەپ چاقىرسىمۇ قېچىپ كېتەمسەن؟ ھۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەخمەق!

ۋالىي ھېلىقى يېڭى ئىسكىرىپكا بىلەن خالتىنى ئۇنىڭغا بەردى. ۋۇجۇقنىڭ بۇ سوۋغاتلارنى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئۆلكە رەئىسلىرىنىڭ « شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلغان رەسىملىرىنى كۆرگەندە ھەممە ئادەم ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ يۈرگەن خەلق ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى بىلەن بىللە تۈرمىدە ياتقان ھېلىقى «ھېكايىچى ئەخمەت» ئىكەنلىكىنى بىلىپ قورقۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ ئاخىرقى كۈنى بىھۇدە قاتتىق چاقچاق قىلىپ ئۇنى ھۇشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۆلكىگە رەئىس بوپتۇ ... مېنى ئۇنتۇپ كەتسە ياخشى بولاتتى ... بولمىسا ئۆچ ئالىدۇ دەپ قورقۇپ يۈرەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى چاقىرتقان كۈنى تېخىمۇ قورقتى - دە، مانا ھازىر بارىمەن دەپلا قىشلاقتا تىكىۋەتكەنىدى.

ئۇ ھودۇققان ھالدا ۋالىي بەرگەن ئىسكىرىپكىنى يەرگە قويدى - دە، ھېلىقى خالتىنى يىرتتى - يۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى: خالتىدا ئۈچ يىل ئىلگىرى، تۈرمىدە كۈندىپايلار دەسسەپ چېقىۋەتكەن ھېلىقى ئىسكىرىپكىنىڭ سۇنۇقلىرى تۇراتتى.

— ئاھ، مەن قارا يۈز، مەن راستىنلا قارا يۈز! — ۋۇجۇق ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاپ كەتتى، — ئاھ، مەن سېنى ئۆچ ئالىـ

قېتىم بارغان كىشى ۋۇجۇقنىڭ ئىككى سائەت ئىلگىرى بىر ئاتقا مىنىپ قىشلاق تەرەپكە ناھايىتى تېز كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ كەلدى. ۋالىينىڭ ئاچچىقى كېلىپ قىشلاققا يەنە ئادەم ئەۋەتمەكچى بولۇۋېدى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئالتايدا يەنە تۆت كۈن تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭغىچە ۋۇجۇقنىڭ كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تۆت كۈنمۇ تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ۋۇجۇق شۇ كەتكەن پېتى قايتىپ كەلمىدى. ئۇنى سۈرۈشتە قىلغانلار ئۇنىڭ ھېچ بىر دېرىكىنىمۇ ئۇقالمىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان كۈنى ۋالىي بىلەن ۋۇجۇق توغرۇلۇق يەنە سۆزلەشتى.

— ۋۇجۇق بىلەن قاراڭغۇ تۈرمىدە ئالتە ئاي بىللە ياتقانىدىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئىسكىرىپكىسى بىلەن جاراڭلىق ناخشىسى مېنىڭ روھىمنى قاراڭغۇلۇقتىن ئازاد قىلىپ، ئۈمىد بىلەن قاناتلاندۇرغانىدى. ئۇنىڭ «ئەركىنلىك ئوغلىمەن» دېگەن ناخشىسى مېنى ئەركىنلىككە، كۈرەشكە چاقىراتتى. شۇڭا مەن ھەمىشە ئۇنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش بولاتتىم ... ۋۇجۇقتىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ مەن ئۇنىڭ ناخشىسىنى داۋاملىق ئېيتتىم. بىز ھازىر تار قەپەزنى چېقىپ تاشلاپ، ئەركىنلىك ئوغلى بولدۇق. ۋۇجۇقنىڭ «ئەركىنلىك ئوغلىمەن» دېگەن ناخشىسىنى ئەركىن ئولتۇرۇپ بىر ئاڭلىغان بولسام، ئاشۇ قاراڭغۇ تۈرمىنىڭ يۈرىكىمدە قالدۇرغان داغلىرى بىراقلا يۇيۇلغان، ۋۇجۇدۇم يەنىمۇ ئۈمىد بىلەن قاناتلانغان بولماسمىدى؟ ...

ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى مەيۈسلەنگەن ھالدا يېنىكى بىر ئىسكىرىپكا بىلەن بىر دومباق ئاق خالتىنى ۋالىيغا تاپشۇرۇپ يەنە شۇنداق دېدى:

— ۋۇجۇق ئاجايىپ ياخشى يىگىت. سىز مۇشۇ ئامانەتنى

ئىنتىزامدا بوشىشىپ ئىدارىگە خالىسا كېلىدىغان، كەلگەندىمۇ كېچىكىپ كېلىدىغان، ئىش ۋاقتىدا قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ئىشتىن بالدۇر چۈشۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بەزى مەسئۇل كادىرلارمۇ خىزمەت ۋاقتىدا توي - تاماشىلارغا كېتىپ قېلىش، مەشرەپ ئويناش قاتارلىق ئىشلارغا بېرىلىپ كەتتى.

بىر كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى «ئىتتىپاق» نىڭ خوجىلىق بۆلۈمىگە بىر ئىش بىلەن كىردى. ئىشقا كېلىش ۋاقتىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ تېخى ئىشخانىغا ھېچكىم كەلمىگەنىدى. ئۇ «ئىتتىپاق» نىڭ بىر تازىلىق ئىشچىسىدىن خىزمەتچىلەرنىڭ بىر تويغا كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى ئەپسۇسلاندى: بۇ قانداق ئىش - ھە! بۇرۇن ئۇرۇش ئىستىھكامىدا كېچە - كېچىلەپ كۆز يۇممای دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلالايدىغان، كۈنلەپ مىدىرلىماي قاراۋۇلدا تۇرالايدىغان بۇ قەيسەر كىشىلەر ئەمدى ئازادە ئىشخانىلاردا ئالتە - يەتتە سائەت ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتىغۇ؟ ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ... ئۇ ئۆز خىيالىنىڭ ئاخىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پۈتۈن «ئىتتىپاق» خىزمەتچىلىرىگە چۈشتىن كېيىن مۇھىم يىغىن بارلىقى ھەققىدە جىددىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى.

چۈشتىن كېيىن چوڭ زالدا 100 نەچچە كىشى ئولتۇراتتى. سەھنىدە ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق بىرنەچچە كىشى بار ئىدى. يىغىن ئەھلىمۇ، سەھنىدىكىلەرمۇ ئەخمەتجان قاسىمىغا نېمىشقا يىغىننى باشلىمايدىغاندۇ دەپ تەقەززالىق بىلەن قارايتتى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆزى بولسا ئىشىكتە ئىدى. خېلىدىن كېيىن يىغىن زالىنىڭ ئىشىكى قاتتىق غىچىرلىدى. ھەممە كىشى كەينىگە

دۇ دەپتىكەنمەن، سەن مېنى سېغىنىپ كەپتىكەنسەن، مېنى ئەمەس، ئاشىڭ ئىسكىرىپكامنىڭ سىڭنۇقلىرىنىمۇ تاشلىۋەتمەپسەن! مەن سېنىڭ ئالدىڭدا قارا يۈز بولدۇم. مېنى كەچۈر. مېنى كەچۈر! ...

(بۇ ھېكايىنى جاڭغالاي ئاپپاي سۆزلەپ بەرگەن)

## خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەن دېسەڭ ...

1947 - يىل گومىنداڭ تەرەپدارلىرى «11 ماددىلىق بىتىم» نى بۇزۇپ خەلقچىللىق سىياسەتنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇلار ئەمدى كۈچ توپلىۋالدۇق، ئۈچ ۋىلايەتچىلەرنى بىر يولىلا يوقىتىۋېتەلەيمىز دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولمىدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۇلارنى سىياسىي كۈرەشتە مات قىلىپ، غۇلجىغا غەلىبە بىلەن قايتتى. ئۇلار غۇلجىدا يەنە گومىنداڭ تەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ ھەممە مىللەت باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشقان «ئىتتىپاق» نى قۇردى.

ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىقتىسادنى مۇستەھكەملەش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دېمەككى، بۇ ئاكتىپ شوئار بىر يىل ئىچىدىلا ئۈنۈم بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى تولۇق تەمىنلىدى. خەلق تۇرمۇشىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. مەكتەپلەر كۆپەيتىلىپ، كىنوخانا، تىياتىرخانىلار يېڭىدىن تەسىس قىلىندى. ئومۇمىي ئىقتىسادنىڭ ئۈچتىن بىرى مائارىپقا ئاجرىتىلدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، ھەممە ئادەم خۇشال - خورام يۈرەتتى. ئەمما بۇ زور ياخشىلىنىش بىلەن بىرگە بەزى بىر يامان ئىللەتلەرمۇ پەيدا بولدى. بەزى ئىدارە خىزمەتچىلىرى

كىشىنىڭ، تولۇقراقىنى ئېيتقاندا، نەچچە مىليون خەلق ئالدىدا ۋاقىتقا خىيانەت قىلدىڭىز.

— مەن تۆزىتەي، — دېدى خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى.

— توغرا، سىز داۋاملىق تۆزىتەي دەيسىز، ئەمما تۆزىتەلمەيسىز. چۈنكى سىزدە ئىرادە بوشاپ كەتتى. شۇڭا تۆزىتەلمەيسىز. ھەتتا قول ئاستىڭىزدىكى ئاددىي خىزمەتچىلەرچىلىكمۇ بولالمايسىز. ئەمدى سىزگە يۈز تۇرانە گەپ قىلىدىغان، سىنايدىغان ۋاقىت يەتتى، خەير، كەينىڭىزدىكى بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ، قالغان گەپنى يىغىندىن كېيىن دوپپىڭىزنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ قويۇپ سۆزلىشەيلى!

ئەخمەتجان قاسىمى شۇنىڭدىن كېيىن يىغىننى باشلىدى. بۈگۈنكى بۇ يىغىلىش ئىنتىزام ھەققىدىكى يىغىن بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى خىزمەت ئىنتىزامىنى مۇستەھكەملەپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ھەققىدە توختىلىپ، ھازىر خىزمەت ئىنتىزامىدا ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى.

— گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىزگە قوراللىق كۈرەشتە تەڭ كېلەلمەي، بىزنى ئىچىمىزدىن چىرىتىشكە ئۇرۇنماقتا. ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنى مۇستەھكەملەش، بەلگىلەنگەن تېررىتورىيەنى قاتتىق ساقلاش ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ئىنتىزام - تەرتىپ بولۇشى كېرەك. ئىنتىزام بولماي تۇرۇپ ھېچقانداق مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئىنتىزام بولمىغان ئەسكەرلەر ھەردائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. قازانىغان غەلىبە، ئىنتىزام بۇزۇلغان چاغدا مەغلۇبىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھازىر بەزى ئىدارىلەردە خىزمەت ئىنتىزامىغا رىئايە قىلماسلىق، خالىسا ئىشقا چىقىپ، خالىمىسا ئىشقا چىقماسلىق، خىزمەت ۋاقىتلىرىدا توي - تاماشالارغا كېتىپ قېلىش، خىزمەت

قارىدى. ھەممىشە ئىشقا سۈر قارايدىغان خوجولۇق بۆلۈم باشلىقى — تولا ئۇخلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن پاكار بويلۇق بۇدۇر چاچ بىر كىشى يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەڭ ئارقىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئالدىغا چاقىردى. خوجولۇق بۆلۈم باشلىقى مىنبەر سەھنىگە چاقىردى دەپ ئويلىدى بولغاي ئىھتىمالىم، ئىتتىك چامداپ سەھنىگە ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا سەھنىنىڭ پەلەمپىيىگە دەسسەي دەپ تۇرۇۋىدى، ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى كەسكىن تەلەپپۇزدا ئۇنى شۇ يەردىلا توختاشقا بۇيرۇق بەردى. خوجولۇق بۆلۈم باشلىقى تەمتىرەپ قالدى ـ يۇ، نائىلاج ئورنىدا توختىدى.

— سائىتىڭىزگە قاراپ باقسىڭىز، يىغىنغا ئۇقتۇرۇش قىلىنغان ۋاقىتتىن قانچىلىك كېچىكتىڭىزكىن؟ — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا كىنايە تەلەپپۇز بىلەن.

خوجولۇق بۆلۈم باشلىقى سائىتىگە قارىدى ـ دە، ۋىللىدە قىزىرىپ جاۋاب بەردى:

— 30 مىنۇت كېچىكىپتىمەن، ئەپەندىم. ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن ...

— ياخشى، كېچىسى ئۇخلىماي مەشرەپ ئوينىغان كىشى ئەلۋەتتە كۈندۈزى ئۇخلاپ قالىدۇ ئەپەندىم، خوش، سىز ئۇخلاپ سىز، بىز 100 نەچچە كىشى بۇيەردە سىزنى ساقلاپتۇق. چۈنكى ئۆز ھەمراھىمىزنى تاشلاپ قويۇپ يىغىن ئېچىۋېرىشكە ئەلۋەتتە كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. نېمە دەيسىزكىن بۇنىڭغا؟

خوجولۇق بۆلۈم باشلىقى جاۋاب بەرمىدى.

— جاۋاب بەرمەي مۇمكىن ئەمەس، 100 نەچچە كىشىنىڭ 30 مىنۇتتىن جەمئىي 30 نەچچە سائەت ۋاقتىنى قۇربان قىلدىڭىز، بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي مۇمكىنمۇ؟ سىز 100 نەچچە

بازارلارنىڭ ئەھۋالىنى، مال باھاسىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىچە بۇ كىچىك بازارنى ئارىلاش ئارقىلىق پۈتۈن شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكىلى بولاتتى.

ئۇ يولدا بىرنەچچە تونۇشلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋاللاشتى. ئادەتتە ئۇنى تونۇيدىغان ئادەم بولمىسىلا ئۆلكە رەئىسى بولغان بىر كىشىنىڭ بۇنچە ئاددىي ـ ساددا يۈرۈشىنى ھېچ كىشى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇ يول بويى ناۋايلاردىن ناننىڭ، قاسساپلاردىن گۆشنىڭ، رەۋەندىلەردىن ئۇنىڭ باھاسىنى سوراپ مېڭىپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كېلىشى ھامان بىر چايخانىدىن: «تۇت، ئۇر!» دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ ئەتراپ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىنلا ئىككى ساقچى بىر دېھقان سۈپەت كىشىنى باغلاپ چايخانىدىن سۆرەپ چىقتى ـ دە، ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ساقچى ئىدارىسى رازۋېتچىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى — دوملاق كەلگەن، پاناق بىر كىشى توپلانغان جامائەتكە قاراپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھەر قايسىڭ ئاڭلاپ قويۇش، كىمدە ـ كىم بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ھەققىدە ئۇسەك گەپ قىلىدىغان بولسا ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىمىز. ئاشۇ قاراڭغۇ تۈرمىدە چىرىپ ئۆلىدۇ... مەن يەنە شۇنى دەپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن بەش ـ ئون ئادەمنىڭ بىر ئورۇنغا توپلىشىۋېلىشىغا، تەشۋىق ـ تەرغىبات قىلىشىغا رۇخسەت يوق...

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، مەنمەنلىك بىلەن مەيدىسىنى كېرىپ، توپنى يېرىپ ئادەملەر ئارىسىدىن چىقتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ھەيۋىسى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. ئۇ توپ ئىچىدىن چىقىپلا ئۆزىگە مىختەك قاراپ تۇرغان ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆرۈپ

ۋاقتىدا ئۇغلاق تارتىشش، خىزمەت ۋاقتىدا بىر - بىرىنى زىياپەتكە چاقىرىشقا ئوخشاش ئەھۋاللار سادىر بولۇپ كەلمەكتە. ئەگەر بىز خەلقىمىزگە خىزمەت قىلىدىغان بولساق بۇ كەمچىلىكلىرىمىزنى تۈزىتىشىمىز لازىم. ئەڭ ئالدى بىلەن رەھبىرىي يولداشلار تۈزىتىشى، باشقىلارغا باشلامچى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، خەلق ئالدىدىمۇ، ۋىجدان ئالدىدىمۇ قەرزدار بولۇپ قالىمىز. شۇڭا كىمىكى خەلقنى سۆيسە، خەلقچىللىق ۋە ئەركىنلىكىمىزنى مۇستەھكەم ساقلايمەن دېسە، خىزمەت ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىنتىزام — كۈرەش مېۋىسىنى قوغدايدىغان ئەڭ مۇستەھكەم قورغان!

ئەخمەتجان قاسىمى ئەڭ ئاخىرىدا خىزمەت ئىنتىزامىغا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قاتتىق ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى دېيىشى، چوڭ زالدا گۈلدىراس ئالقىشلار ياڭراپ كەتتى.

## ئەدلىيە ئەلىمدىكى ئۈچ كۈن

مېلى ناچار سودىگەر مېلىنى ھەممىدىن بەك ماختايدۇ. 1946 يىلىنىڭ ياز پەسلى ئىدى. پۈتۈن گېزىت - ژۇرناللار «11 ماددىلىق بىتىم» تولۇق ئىجرا قىلىنماقتا. خەلق خاتىرجەم، ۋەزىيەت چوڭ ياخشى!» دېگەن شوئارلار بىلەن تولغان. ماھىيەتتە بولسا گومىنداڭ ئەسكەر كۆپەيتىپ، كۈچ توپلىماقتا، دوقمۇش - دوقمۇشتا ياخشى ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلماقتا ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا يەرلەرنى ئەنسىزلىك قاپلىغان.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدىن① پىيادە قايتىپ بازار ئارىلىدى.

① گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىناسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزى نەنمېنىڭ شىمالىدا، ھازىرقى مالىيە نازارىتىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

ئۇ ئەسلى قەشقەر ياپچانلىق مۇساپىر ئادەم بولۇپ، مۇزداۋان بىلەن غۇلجىغا چىقىپ، غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىكەن. ئۇ بايا چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ غۇلجىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى، ئۇ يەردە دېھقانلار غەللە - پاراق تۆلىمەيدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارغا ھەممە ئىشتا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئەتىيازدا بەرگەن قەرزنى كۈزدە ئۆسۈمسىز قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قەلەندەر سۈپەت بىر «كۆز - قۇلاق»① شۇ ھامان ساقچى ئورنىغا «بىر كىشى پالان چايخانىدا ئۈچ ۋىلايەتتىكى قىزىل پاچاقلارنى ماختىدى» دەپ خەۋەر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ئۇنى قولغا ئالغان.

ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ناھەقچىلىكنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەندى - دە، ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارىغا شۇنداق دېدى:

— ئوغرى تۇتساڭ مېلى بىلەن تۇت دەيدىغان گەپ بار. ھېچقانداق ئاساسسىزلا بىر ئادەمنى قولغا ئالىدىغان نېمە ھەددىڭىز بار سىزنىڭ؟ ئارتۇقچە غەللە - پاراقتىن قۇتۇلۇش، تۇرمۇشتا خاتىرجەم ھەم باياشات بولۇش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسىغۇ؟ قېنى سىز، تۇرمۇشتا خاتىرجەم ۋە باياشات بولۇشنى خالىمامسىز؟ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق يوللۇق، ئەڭ ياخشى ئارزۇلىرىنى ئېيتسا يامان بولامدىكەن؟ ئەگەر مۇشۇنىڭغىمۇ يول قويۇلمىغاندا ئاددىي پۇقرالار قانداقمۇ كۈن ئالالايدۇ بۇ زېمىندا؟ — ئەخمەتجان قاسىمى بىردەم تۇرۇۋالدى - دە، يەنە سورىدى، — قېنى، ئاشۇ ئادەمنى نېمە دەپ سوراق قىلماقچىسىز؟

---

① «كۆز - قۇلاق» — گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆزلىرى خەلق ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان ئىشپىيونلىرىنى «كۆز - قۇلاق» دەيتتى. ئاماناش رەسمىيەتتىمۇ شۇنداق «كۆز - قۇلاق» دەپ ئاتىلاتتى.

قالدى ـ دە، بىردىنلا كۆچۈكلىنىپ قىلمىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى.

ـ هوي، رەئىس ئەخمەتجانغۇ سىز؟ مۇبارەك قولىڭىزنى بىر تۇتۇۋالاي... ـ ئۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قوللىرىنى سۆيگۈدەك قىلىپ كۆرۈشتى ـ دە، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەتراپىغا گۇرردەه يىغىلغان كىشىلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى، ـ ئادەم كۆرمىگەنمۇ سىلەر، نېرى تۇرۇڭلار، نېرى! بۇ دېگەن ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ھەرقايسىڭ بىلەن گەپلىشىپ يۈرىدىغان ئادەم ئەمەس بۇ!...

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى ئىدى، ئەمما ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنى سىلكىۋەتتى.

ـ مەن مۇشۇنداق پۇقرالار بىلەن گەپلىشىدىغان ئادەم، ـ دېدى ئۇ جىددىي قىلىپ، ـ سىز تولا گەپ ئەپقاچماي مېنىڭ بىر سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ.

ساقچى ئەمەلدارى يەنە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋالدى:

ـ خوش، خوش! نېمە سوئاللىرى بولسا مەن تەييار.

ـ هازىر باغلاپ ئېلىپ كەتكەن ئادەمنىڭ گۇناھى نېمىكەن؟

ساقچى ئەمەلدارى كېكەچلەپ قالدى:

ـ ئۇ... نى... نېمە... ھە... ھۆكۈمەتنى ھاقارەتلەپتۇ ئۇ...

ـ نېمە دەپ ھاقارەتلەپتۇ؟ ـ سورىدى ئەخمەتجان قاسىمى.

ساقچى ئەمەلدارى جاۋاب بېرەلمىدى.

شۇ ئارىدا ئەتراپتا تۇرغان بىرنەچچە كىشى ئەخمەتجان قاسىمغا ھېلىقى قولغا ئېلىنغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى:

قويۇپ بىرىلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ خۇش خۇي چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى. «مانا قاراڭلار، بىر ئۆلكە رەئىسىنى شۇنچە ئالدىغان ساقچى ئىدارىسى ئاددىي پۇقرالارغا نېمە زۇلۇملارنى سالمايدۇ، زۇلۇم ۋە ئالدامچىلىق بىزدە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنى زادى نېمە قىلماقچى؟...»

ئۇ شۇلارنى ئويلىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ چايخانىچى بىلەن چالا - بۇلا خوشلاشتى ۋە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئىشخانىسىدا ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جىددىي بىر يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ يىغىننىڭ باشقۇرغۇچىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ كەسكىن ۋە خاپا ئىدى. ئۇ دەسلەپ بىر تۈرمە باشلىقىدىن ھازىر تۈرمىدە نەچچە گۇناھكار بارلىقىنى سورىدى. تۈرمە باشلىقى جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ ئاندىن ھېلىقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىدىن بىر گۇناھكارنىڭ قولغا ئېلىنىش ئالدىدىكى قانۇنىي رەسمىيەتلىرىنى سورىدى. ساقچى ئەمەلدارىمۇ جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ جاكالىدى:

— ئەدلىيە ۋە ساقچى ئورۇنلىرىدىكى ئەمەلدارلىرىمىز ئۆزلىرى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قانۇن ۋە كۈندىلىك ئىش تۈزۈملىرىنىمۇ بىلمىگەچكە بىزمۇ بۇلارنى چۈشىنەلمەيۋاتىمىز. خەلقنىڭمۇ بۇلارنى كۆرسە تېنى شۈركىنىدىغان بولۇۋاتىدۇ. ئەسلىدە بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى خەلقنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئىدى. ئەمما ھازىر خەلققە زۇلۇم سالىدىغان ۋەھىمىلىك ئورۇن بولۇپ قالدى. سىلەرنىڭ مېڭىش - تۇرۇش، ھەتتا خۇي - پەيلىڭلارمۇ ۋەھىمىلىك ۋە سىرلىق. ئەنە ئاۋۇ جاناب، — دېدى ئۇ ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىر بىگۇناھ ئادەمنى قولغا ئالغاندا مەن نەق مەيداندىلا ئۇ كىشىنىڭ گۇ-

باياتــن بىرى سۆزلــەشكــە جۈرئەت قىلالمــاي تــۇرغان ساقچى ئەمەلدارى بىردىنلا تىلغــا كىردى:

— ئەپەندىم، بىز خاتا قىلىپتۇق... ئۇ كىشىنى قويۇۋې-تىمىز، چوقۇم قويۇۋېتىمىز...

— ئېنىق ئېيتقىنــا قېنى، قاچــان قويــۇۋېتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئەخمەتجان قــاسىمى.

— ئۈچ كۈن ئىــچىدە قــويــۇۋېتىمىز، — دېدى ساقــچى ئەمــەلدارى.

— بىگۇناھ ئادەمنى يــەنــە ئۈچ كۈن قامــاپ قويــۇشقا نېمە ھەققىڭىز بار؟ — دېــدى ئەخــمەتجــان قــاسىمى تېخىمۇ غەزەپــلىنىپ.

— خاپا بولمىسىلا، بۈگۈنلا، مانا ھــازىر بېرىپلا قــويۇۋې-تىمەن، — ساقچى ئەمەلدارى شۇنداق دېــدى - دە، غىپپىدە تىكــىۋەتــتى.

ئەخمەتجان قاسىمى جامائەت بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭ-لىشىپ يەنــە بىرنەچــچە ناھــەق قولــغا ئېــلىنغان ئادەمــلەرنىڭ تىزىــملىكىنى يېزىــۋالدى - دە، قــايتىپ كــەتتى. ئۇ شۇ كۈنى كــەچتىلا بۇ ئادەملــەرنىڭ تــىزىــملىكىنى ســاقچى ئىــدارىسىگە يوللاپ، بۇ ئادەملەرنىڭ جىنايــەت ئارخىپىنى ئۆزىگە يوللاشنى، ئەگەر گۇناھسىز بولسا دەرھــال قويــۇۋېتىشنى جېكــىلىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ســاقچى ئىــدارىــسى ئۇنىڭغــا بۇ ئادەمــلەرنىڭ قويۇۋېتىلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى كــەچقۇرۇن ئەخمەت-جان قاسىمى ئىشتىن يېنىــپ يــەنە بازار ئارىــلاپ مــاڭدى. ئۇ دۆڭكــۆۋرۈك بــازىرىغا كــەلگــەندە ھېلىقى چايــخانىغا كــىرىپ بىر چەينەك چاي ئىچتى. چايخانا ئىگىسى ئۇنى تونۇپ قالدى ۋە گۇناھسىز قولغا ئېلىنغان ھېلىقى مۇساپىر ئادەمنىڭ تېخىچە

ئەخمەتجان قاسىمى شۇ كۈنى 2 - تۈرمىنىڭ ھەممە كامېرلىرىنى تولۇق تەكشۈردى. جىنايەتچىلەرنىڭ ئارخىپىنى كۆردى ۋە ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى. دۆڭكۆۋرۈك چايخانىسىدىن قولغا ئېلىنغان ھېلىقى ئادەمنىمۇ ئاخىر تاپتى. ئۇ ئۈچ ئايدىن بېرى ياداپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى شۇ كۈنى ئاشۇ كىشى بىلەن قوشۇپ ئون نەچچە مەھبۇسنى گۇناھسىز دەپ تۈرمىدىن ئازاد قىلىۋەتتى.

(بۇ ھېكايىنى ئابدۇغوپۇر ئىمىن سۆزلەپ بەرگەن)

## يازغۇچى مەسىلىگە ئەتراپلىق قارىشى كېرەك

ئەخمەتجان قاسىمى ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر بولۇپلا قالماي، ھەقىقىي ئىنتېرناتسىونالىزمچى ئىدى.

يازغۇچى زۇنۇن قادىرى پۈتۈن بىر كۈن باش چۆكۈرۈپ كۈرەش قەھرىمانى رىزۋانگۈل ھەققىدىكى «شەپقەت ھەمشىرىسى» دېگەن ئوچېركىنى يازدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا: «بۇ شىددەتلىك جەڭلەردە ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل مانا شۇنداق مەرتلەرچە قۇربان بولدى!...» دېگەن سۆزنى يېزىپلا قەغەزگە چۈشۈرۈپ ئەسەرنى تاماملاپ تۇراتتى. بىر كىشى ئۇنىڭ مۈرىسىنى يېنىكلا باستى. يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئىتتىكلا كەينىگە بۇرۇلۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆردى.

بىر ئىش بىلەن بۇ ئىشخانىغا كىرىپ قالغان ئەخمەتجان قاسىمى بايا تىن بېرى ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ماقالىنى ئوقۇپ بولغانىدى.

— ياخشى، — دېدى ئۇ بىر خىلدا كۈلۈمسىرەپ تو-

ناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان ئىدىم. بۇ جاناب ئۈچ كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىمىز دەپ ۋەدىمۇ بەرگەن. مانا ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى، ھېلىقى گۇناھسىز كىشى بىلەن يەنە شۇنداق قولغا ئېلىنغانلار تېخىچە قويۇپ بېرىلمىدى. مانا مەن بىر ئۆلكە رەئىسى تۇرۇپ ئەدلىيە تىلىدىكى ئۈچ كۈن دېگەننىڭ زادى قانچىلىك ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن...

ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارى ۋە باشقىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئالدىراشچىلىقتا بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى.

— باشقىلارنىڭ ھاياتىنى دەپسەندە قىلىپ بولۇپ ئەپۇ سورىسا ئورنىغا كېلەمدىكەن؟ مەن سىزنى ئۈچ ئاي ئەمەس، ئۈچ كۈن سولاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالسام نېمە بولۇپ كېتەرسىز؟

ھېلىقى ئەربابلار لام - مىم دېيەلمەي يەرگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇلاردىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى غەزەپتىن تىترەپ چىقاتتى:

— مەن سىلەرنىڭ ھەممىشە ئۆز غېمىڭلار ۋە ئويۇن - تاماشا بىلەن بولۇپ، ئاشۇ تۈرمىلەردە ياتقان نەچچە مىڭ گۇناھسىز ئادەملەرنى ئايلاپ، ھەتتا يىللاپ ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. شۇڭا مەن بۈگۈنكى يىغىننىڭ قارارىنى بۈگۈنلا ئىجرا قىلىنىۋېتىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. بۈگۈنكى يىغىننىڭ مۇددىئاسى تۈرمىلەردىكى گۇناھسىز كىشىلەرنى ئېنىقلاش ۋە ئۇلارنى ئازاد قىلىش. يىغىن مانا شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ئەمدى تۈرمىلەرگە بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، خاتىرىسىنى قاتلاپ يانچۇققا سېلىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا نائىلاج ئەگەشتى.

بەزى كىشىلەر مۇز داۋاندىن ئاشقىچە ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئۆلۈپ كېتەتتى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى چېگرالارغا كۆتۈۋېلىش پونكىتى قۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن قېچىپ ئۆتكەن قېرىنداشلارنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ ياخشى كۈتتى. يېمەكتىن كىيىم - كېچەك تارقاتتى. مەخسۇس دوختۇرلار ئۇلارنى تەكشۈرۈپ كېسەللىرىنى داۋالىدى. كېيىن غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كىرىپ يېرىم يىللىق ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاچتى. كېيىن بۇ كۇرستا بايقالغان بەزى مەلۇماتلىق كىشىلەر ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا خىزمەتچى، مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

لېكىن بەزى كىشىلەر مۇشۇ شاپائەتكىمۇ شۈكرى قىلمىدى. ئايرىم كىشىلەر تېخىمۇ ئوبدانراق خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ۋە تېخىمۇ ئوبدانراق كۈتۈلۈشنى تەلەپ قىلدى.

بىر كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان قاسىم ئىسىملىك بىر كىشى ئەخمەتجان قاسىمىنى ئىزدەپ كېلىپ ئۆز ھالىنى ئېيتتى: ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ غۇلجىنىڭ ئەڭ چەت يېزىسى — دۆڭمازارغا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە بۆلۈنگەنلىكىنى، ئۇ يەرگە بارماي شەھەر ئىچىدە خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى دېدى.

بۇ كىشىنىڭ ئارزۇسى ئەخمەتجان قاسىمىنى ناھايىتى بىئارام قىلدى. ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيتتى: ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى — ۋەتەننى ئازاد قىلىش، خەلقنى بەختىيار قىلىش. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىچارە خەلقلىرىمىز ئاچ - زارلىق ۋە قاتمۇ قات ئاسارەت ئاستىدا ئىڭراۋاتىدۇ. بىزنىڭ نى - نى ياشلىرىمىز ئاشۇ قېرىنداشلىرى

رۇپ، — مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىش كېرەك... سىز كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى. بۇ ئىنقىلابقا سىزمۇ قاتناشتىڭىزا... ئىنقىلابتا قۇربان بولغانلار يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلىرىمۇ؟... باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭمۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ قۇربان بولغانلارئاز ئەمەس. بۇنىمۇ كۆرۈش كېرەك!

يازغۇچى زۇنۇن قادىرى خىجىللىقتىن ھۇپپىدە قىزاردى. ئۇ دەرھاللا بايىقى جۈملىنىڭ ئاخىرىغا «شۇ كۈنكى قانلىق جەڭدە تۆككان قىزىل رازىيەمۇ شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولدى...!» دېگەن جۈملىنى قوشۇپ قويىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى خۇرسەن بولغان ھالدا يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ مۈرىسىگە ئۇردى:

— مانا ئەمدى ياخشى بولدى. تالانتلىق يازغۇچى ھەمىشە مەسىلىگە ئەتراپلىق قارىشى كېرەك... ئەمدى بۇ ئەسەرنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلساق بولىدۇ، — دېدى - دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

(بۇ ھېكايىنى زۇنۇن قادىرى سۆزلەپ بەرگەن)

## يېڭى كۆچەتنى ئاسرايلى

غۇلجا ئازاد بولغاندىن كېيىن 1945 - يىل قىش ۋە 1946 - يىل ئەتىيازدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتمۇقات زۇلمىغا چىدىيالمىغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى توپ - توپ بولۇپ غۇلجىغا قېچىپ چىقىشقا باشلىدى. غۇلجىغا قاچقان بىر قىسىم كىشىلەر يول ئۈستىدە گومىنداڭنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ ئېتىلاتتى. تۈرمىلەرگە تاشلىناتتى. يەنە

بىز كۆچەتنى تىككەن ئىكەنمىز، ئۇنى ئاسراپ پەرۋىش قىلىشىمىز ۋە ئەي قىلىشىمىز لازىم. ئۇ چېچەكلەپ مېۋە بەرگۈدەك بولغاندا ئاندىن ئۇنىڭدىن مېۋە تەلەپ قىلساق بولىدۇ.

بىز جەنۇبتىن كەلگەن بىر بۆلۈم كىشىلەرنى ئېھتىياجىغا قاراپ خىزمەتكە، بىر قىسىم كىشىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇردۇق. ھەممىڭلار مىللىي ئازادلىق يولىدا كۈرەش قىلدىڭلار، ئەجىر سىڭدۈردۈڭلار. ھېلىھەم بولسا ئۆز ئورنۇڭلاردا مەھكەم تۇرۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنى مۇستەھكەملەش يولىدا خۇددى يېڭى كۆچەتنى ئاسرىغاندەك ئەجىر سىڭدۈرۈڭلار. بۇ ھەممىمىزنىڭ بويىنىدىكى قەرز!

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز سۆزىنى ھېكايە ۋە تەمسىللەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ شۇنداق سۆزلىدىكى، ھەممە ئادەم چىن دىلىدىن قايىل بولدى. ھېلىقى ئوقۇتقۇچىمۇ يىغىن ئاخىرىدا سەھنىگە چىقىپ ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئەپۇ سوراپ، ئۆز ئورنىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشلەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.

## بالىلارنىڭ دوستى

1946 - يىلى ئەتىياز پەسلى ئىدى. تۆت دېھقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دارىلئېيتامغا بۆلۈپ بېرىلگەن پەنجىم يېزىسىدىكى باغ ۋە يەرنى پەرۋىش قىلىپ تېرىش ئۈچۈن توختام تۈزۈشكە كەلدى. بۇ چاغدا دارىلئېيتام خىزمەتچىلىرى يېتىملارنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇشىدىكى مەسىلىلەرنى يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتى، شۇڭا بۇ دېھقانلارغا ئىشىك ئالدىدا دارىلئېيتام مەسئۇلىنى بىردەم كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇ ئەسنادا بىر نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى كىرىپ كەلدى. ئۇ سېرىق رەڭلىك شىرىق چاپان،

مىزنى ئازاد قىلىمىز دەپ ئاتا - ئانىلىرىنى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ جەڭ مەيدانىغا كېتىۋاتىدۇ. بىز ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۈچۈن جەڭ مەيدانىدا قان تۆكۈپ ئۆلۈۋاتىدۇ. بۇ ئادەملىرىمىز ئاشۇ قەھرىمانلار قوغدىغان خاتىرجەم رايوندا تۇرۇپمۇ ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولمايدۇ. ئىرونتتىكى قەھرىمانلار قۇربان بولۇشتىن قورقماي، يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇۋاتقان دۈشمەن پوتېيىنى مەن پارتلىتىمەن دەپ دەۋا قىلسا، بۇ كىشىلەر يېزىدىن شەھەرگە كىرىشنى، كىچىك ئىدارىدىن چوڭ ئىدارىگە يۆتكىلىشنى دەۋا قىلىدۇ. نېمىدېگەن چوڭ پەرق - ھە! بىرى ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، يەنە بىرى ئۆزى ئۈچۈن، ئائىلىسى ئۈچۈن!

ئەخمەتجان قاسىمى تەمكىن ھالدا ھېلىقى قاسىم دېگەن كىشىگە تەربىيە بېرىپ چىقىرىۋەتتى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جەنۇبتىن چىققان كىشىلەرنى بىر چوڭ زالغا يىغىپ يىغىن ئاچتى.

ئەخمەتجان قاسىمى يىغىندا بىر سائەت سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى قىيىنچىلىقلىرىنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— بىز بۇ يېڭى ھۆكۈمەت ۋە مىللىي ئارمىيىنى نەچچە 1000 قېرىندىشىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە قۇردۇق. بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان ھۆكۈمەتتىن ئارتۇقچە تەلەپلەرنى قىلساق بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھۆكۈمەت خۇددى يېڭى تىكىلگەن كۆچەتكە ئوخشايدۇ. بىز كۆچەتنى تىكىپ قويۇپلا بولدى قىلساق، ئۇنى ئاسراپ پەرۋىش قىلمىساق، بەلكى ئۇنىڭدىن مېۋە تەلەپ قىلساق، ئۇنىڭ بىزگە مېۋە بېرىشى ناتايىن. يېڭى تىكىلگەن كۆچەتنىڭ مېۋىگە كىرىشى ۋە مېۋە بېرىشى ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېرەك.

دارىلئېتام باشلىقى بىر كىشىنى چاقىرتتى ـ دە، ئۇنىڭغا:
— بۇ دېھقانلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ توختامنى تۈزۈڭلار. ئەخمەتجان ئەپەندىم دېگەندەك يەر ھەققى ئۈستۈن بولۇپ كەتمىسۇن! — دېدى. ئاندىن ھېلىقى جەڭچى بىلەن چىقىپ كەتتى.
ئوھوي، بۇ ئاددىي جەڭچى ئەخمەتجان قاسىمى ئىكەن ئەمەسمۇ!؟
بۇ دېھقانلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان، لېكىن كۆرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاددىي جەڭچى كىيىمى بىلەن پاتقاق كېچىپ يېتىملارنى يوقلاپ كېلىشى، دېھقانلارغا كۆيۈنۈشى ئۇلاردا ئۆچمەس تەسىرات قالدۇردى. شۇڭا دېھقانلار بۇ رەھبەرنى ئوبدانراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كەينىدىن چىقىشتى. ھېلىقى جەڭچى ئەمدى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن سومكىدىن كەمپۈت ئېلىپ باللارغا بېردۋاتاتتى. ئەسلىدە ئەخمەتجان قاسىمى بۈگۈن يېتىملارنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن تۇيۇقسىز كەلگەنىكەن. ئۇ تاماق ۋاقتىدا ھېلىقى دېھقانلارنىمۇ باللار بىلەن بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. بۈگۈن باللارغا شورپا بېرىلگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمى دېھقانلارغا:
— يېتىم باللارنىڭ يېرىنى سىلەر تېرىڭلار! سىلەر تەرگەن ئاشلىقنى باللار يېسۇن، — دېدى.
دېھقانلار شۇ يىلى دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئالدى. توختامدا ئۇلار بىر خو يەر① ئۈچۈن دارىلئېتامغا ئۈچ

① بىر خو يەر — ئۆتمۈشتە دېھقانلاردا ھازىرقىدەك يەر ئۆلچەيدىغان ئېنىق مو بىرلىكى بولمىغاچقا تېرىلغان يەرنىڭ مىقدارىنى چېچىلغان ئۇرۇق بىلەن ئۆلچەيتتى. خو ئەسلى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى يەنى 80 جىڭ (ياكى بەش چارەك) ئەنە شۇنچىلىك ئۇرۇق چېچىلغان يەرنىمۇ بىر خو يەر دەپ ئاتايتتى. بىر خو يەر ھازىرقى بەش موغا توغرا كېلىدۇ.

چىگرىنى ئۆتۈك كىيگەنىدى. خىزمەتچىلەر بۇ ئەسكەرنى ناھا-
يىتى قىزغىن قارشى ئالدى. جەگچى دېھقانلار بىلەنمۇ قول
ئېلىشىپ كۆرۈشتى ھەتتا ئۇلار بىلەن خېلى ئۇزۇن مۇڭداشتى.
ئۇ يەنە دېھقانلاردىن بىر يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى
سورىۋىدى. دېھقانلار ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. ئۇ: «ناھايىتى ياخ-
شى!» دېدى ـ دە، دارىلئېتام باشلىقىنى چاقىرتتى.
باشلىق كىرىپ ئۇ جەگچى بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆ-
رۈشۈپ كەتتى. جەگچى باشلىققا سۆزلەشكە باشلىدى:
— بۇ قانداق ۋاقىت؟ — دەپ سوئال قويدى ئۇ ۋە يەنە
ئۆزى جاۋاب بەردى، — بۇ دېھقانلارنىڭ كۆندىن قالساق ئاي-
دىن قالىسەن، ئايدىن قالساق يىلدىن قالىسەن دېگەن ئالدى-
راش ۋاقتى. سىلەر باشقا ئىشلارنى قويۇپ، بۇلارنىڭ ئىشىنى
پۈتتۈرۈپ يولغا سېلىڭلار! يەر ھەققى ئېغىر بولۇپ كەتمىسۇن،
قانداق دەيسىز؟
— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم. ماگا ھېلىراقتا بۇ كى-
شىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى، — دېدى باشلىق.
— ئويلاش بىر ئىش، ئەمەلدە كۆرسىتىش ھەممىدىن مۇ-
ھىم ئىش، — دېدى جەگچى كەسكىن قىلىپ.
— مەن تۈنۈگۈن سىز تاپىلىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇر-
دۇم. ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يېڭىلاش، باللارنى ھەپتىدە بىر
قېتىم مونچىغا ئاپىرىش، تاماقنىڭ خىلىنى كۆپەيتىش، يازلىق
كىيىمنى تەييارلاش، باللارنى ساياھەتكە ئاپىرىش...
— ناھايىتى ياخشى! مۇئەللىملەر ئۇلارنىڭ ھەم ئاتى-
سى، ھەم ئانىسى. ئوقۇغۇچىلار ئەنە شۇنداق ھېس قىلسۇن، بۇ
بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز! — دېدى ھېلىقى جەگچى.
دېھقانلار ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى: دارىلئېتام باشلىقى-
خېلى سالاپەتلىك، ئوقۇغان كىشى ئىكەن. ئۇ ھېلىقى جەگچى-
گە ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن قارايتتى.

بىلەن شەھەر تەرەپكە قاراپ تەلپۈنمەكتە ئىدى. كۆپكۆك چىمەنلىك ئۈستىدە سورۇن تۈزگەن ساز ھەۋەسكارلىرى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تەڭشىمەكتە. ئاپئاق پەرتۇق تارتقان ئاشپەزلەر قازان بېشىدا پايپېتەك بولۇپ ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىشمەكتە ئىدى. ساماۋەرلەر پورۇقلاپ قاينايتتى. كۈپلەرگە لىپمۇ-لىق قاچىلانغان قىمىزلار، كاۋاپدانلاردا پىژىلداپ پىشىۋاتقان كاۋاپلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى.

مېھمانلار جەم بولۇپ يېرىم سائەت، بىر سائەت ئۆتتى. بىراق ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قارىسى تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ، ئۇ كېلەرمۇ، كەلمەسمۇ؟ بىرەر زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغانمىدۇ؟ ياكى يولدا ...

چەبدەس ئوفىتسېرلاردىن بىرنەچچىسى ئاتلىرىغا مىنىپ، شەھەرگە قاراپ ئارقا - ئارقىدىن چېپىشىپ كەتتى. ئارىدىن يەنە بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. كىشىلەر بىر - بىرىگە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىپ، تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا «كەلدى، كەلدى، ئەنە، ئەخمەتجان ئەپەندى كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خۇش خەۋەر تارقالدى. كىشىلەر مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئۆستەڭدىكى كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قۇلا ئات قوشۇلغان ئاددىي خادىك ھارۋا دۆڭدىن چۈشۈپ يېقىنلاشماقتا ئىدى. ھارۋا ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا ئەخمەتجان قاسىمى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، كۆپچىلىككە قاراپ مېڭىپ كەلدى.

— جامائەتنى ساقلىتىپ قويغان ئوخشايمەن، ئەپۇ قىلىشسىلا!، — دېدى ئۇ ئالدىغا كەلگەنلەرگە سالام بېرىپ.

— يوقسۇ، بىز بىرئاز ئەنسىرىدۇق، — دېدى ناھىيە ھاكىمى نىزامىدىن①

— ئەنسىرەيدىغان نېمە گەپ؟ بۇ شىخۇ — ئۆزىمىزنىڭ

① نىزامىدىن — 1947 - يىلدىن 1949 - يىلغا قەدەر شىخو ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان كىشى.

پۇت① بۇغداي بەرمەكچى بولغانىدى. ئۇلار مول ھوسۇل ئالغاندا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ ئاشلىقنى يېتىم بالىلار يەيدۇ دېگەنلىكىنى ئويلاپ ئۆزلۈكىدىنلا بىر خو يەر ئۈچۈن ئالتە پۇتتىن ئاشلىق تاپشۇردى.

بۇنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى خۇشال بولۇپ شۇنداق دېدى:

— پەنجىم خەلقىغە مېنىڭ نامىمدىن رەھمەت ئېيتىڭلار! ئۇلار بالىلار ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلدى. بالىلار ئۈچۈن ئىشلەش مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىشلەش دېمەكتۇر. بالىلار ۋەتەننىڭ كەلگۈسى! شۇڭا ھەممىمىز بالىلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشنى ئۇنتۇمايلى!

(بۇ ھېكايىنى يولداش ياقۇپ ئەمىرتۇللا سۆزلەپ بەردى)

## سەيلىگە مېڭىش ئالدىدا

1948 - يىلى 7 - ئاي مەزگىلى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شىخو ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىغا چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شىخو ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك رەھبىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. كۈتۈۋېلىش ئورنى قىلىپ بەلگىلەنگەن جاي شىخو خەلقىنىڭ بىردىنبىر سەيلىگاھى بولغان «ئەخمەتھاجىنىڭ تۈگمىنى» دېگەن مەنزىرىلىك جاي ئىدى.

بۈگۈن ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرىنى كۆرۈش ئىستىكىدە توپلانغان خەلق تەقەززالىق

① پۇت — ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى — ھازىرقى 32 جىڭغا توغرا كېلىدۇ.

# بۆرە جۇۋا

1948 - يىلى كەچكۈز مەزگىلى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىخوغا يەنە بىر قېتىم كەلدى. بۇ چاغدا يامغۇر ئارىلاش قار يېغىپ، شىخونىڭ هاۋاسى ئوبدانلا سوغۇق بولۇپ قالغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ناهىيە هاكىمى، مائارىپ بۆلۈم باشلىقى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك كادىرلارنى باشلاپ مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. رەهبەرلەر ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ 3 - سىنىپقا كىرگەندە ئىككىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتى ئىدى. سىنىپنىڭ كوچا تەرەپكە قارىغان دېرىزىلىرىنىڭ ھەممە ئەينەكلىرى دېگۈدەك سۇنۇق بولغاچقا، مەش قويۇلمىغان سىنىپتا كىيىمى يۇپيۇپۇقا لىق باللار قېرىنداش تۇتۇشقىنىمۇ قولى قولاشماي دۈگدىيىشىپ ئولتۇراتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تولىمۇ ئېچىندى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا باشقىلارغا توغرىدىن توغرا بىر نېمە دېيىشنى بىئەپ كۆرگەن بولسا كېرەك ئەتىمالىم، ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش كىتابىنى ۋاراقلاپ، كىتاب ئىچىدىكى بىر رەسىمنى كۆرسىتىپ ئوقۇغۇچىدىن سورىدى:

— بالام، بۇ نېمە، بىلەمسەن؟

— بۆرە، — دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى.

— بۆرىنى نېمە قىلىدۇ؟

— تېرىسىدە جۇۋا كىيىدۇ.

— مۇشۇ ئۆيدە بۆرە تېرىسى بارمۇ؟

— بار، — دەپ تەڭلا جاۋاب بەردى بىرنەچچە ئوقۇغۇچى، — هاكىمنىڭ جۇۋىسى بۆرە تېرىسى.

قەھرىمان شەھرى شىخو ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى.

بېشىغا قىزىل مانچىستىر دوپپا، ئۈستىگە سېرىق ھەربىيچە كېتىل كىيىپ، كۆكرىكىگە ئازادلىق ئوردېنى ئاسقان ئەخمەتجان قاسىمى قارشى ئالغۇچىلار بىلەن بىرمۇ - بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

كۆڭۈللۈك زىياپەت كەچكىچە داۋام قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى قىسقا، ئۆتكۈر چاقچاقلار بىلەن باشقىلارنى كۈلدۈرەتتى. ئۇ سازەندىلەرنىڭ ماھىرلىق بىلەن چالغان ساز، ئېيتقان ناخشىلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلىدى.

يازنىڭ ئۇزۇن كۈنى ئاخىرلىشىپ، كۆپچىلىك قايتىشقا تەرەددۇت قىلماقتا ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچۈن پار ئات قوشۇلغان ئالاھىدە بىر پوۋۇسكا تەييارلاندى. ئەمما ئەخمەتجان قاسىمى رەھمەت ئېيتىپ ئۇنىڭغا ئولتۇرۇشنى سەممىيلىك بىلەن رەت قىلدى - دە، بۇ ھارۋىغا يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ياشانغان ئىككى كىشىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ھېلىقى ئاددىي خادىكقا چۈشۈپ قايتتى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شۇ كۈنكى يىغىلىشقا كېچىكىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كۆپچىلىك كېيىن ئۇقتى: ئەخمەتجان قاسىمى سەيلانگە مېڭىش ئالدىدا شىخو قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى خادىكنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، ھارۋىكەش بالا بىلەن كىرا ھەققىنى پۈتۈشۈپ، شۇ خادىك بىلەن شەھەردىن ئىككى - ئۈچ كىلومېتىر سىرتتىكى قەبرىستانلىققا چىقىدۇ. شىخو ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان نەچچە يۈز قەھرىمان مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىدى. ئۇ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىپ خەتمە قۇرئان قىلىدۇ، ئاندىن بۇ يەرگە قارايدىغان گۆركار شاھ مۇھەممەتنىڭ كەپىسىگە كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ، بىرنەچچە پىيالە چېينى ئىچىپ قايتىدۇ.

# سۇرىيە ۋەكىللىرىنىڭ تەشەببۇسىنى قوللايمىز

گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن «11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىمزالاپ، شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ مەسىلىسى تىنچلىق بىلەن ھەل بولۇپ، ۋەزىيەت مۇقىملاشتى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلىپىمۇ خەلقنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا بېرىش، ھەممە مىللەتنى سىياسىي ھوقۇقتا باراۋەر قىلىش ئىدى. گومىنداڭ تەرەپ «بىتىم» تۈزۈلگىچە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھەممە تەلىپىگە ئاكتىپلىق بىلەن ماقۇل بولدى. ئەمما «بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىنلا جىددىي ئەسكەر كۆپەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.

ئەسلى «بىتىم» نىڭ بىرىنچى ماددىسىدا «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشەنگەن يەرلىك خەلقلەردىن مەمۇرىيەت خادىملىرىنى سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ» دېيىلگەنىدى. شۇ بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىپ «11 ماددىلىق بىتىم» نى تولۇق ئىجرا قىلىسىلا خەلقنىڭ تەلىپى ئورۇندىلاتتى. ئەمما، گومىنداڭ تەرەپ خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن «بىتىم» نى ئىجرا قىلماي «مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى»، «جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش باشقارمىسى»، «سەيپىڭخۇي»، «سايلام ئۆمىكى» دېگەننى قۇرۇپ «11 ماددىلىق بىتىم» گە قارشى ئىشلارنى قىلىپ، خىزمەتلەرنى ناھايىتى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

بىر كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنى چاقىرىپ يەنە بىر مەسلىھەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرماقچى بولدى. يىغىندا گومىنداڭنىڭ بىرنەچچە ئەربابى بۇ ھەيئەتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئىككى سائەتچە ۋالاقلىدى.

— ھاكىملار نېمە ئۈچۈن بۆرە تېرىسىدە جۇۋا تىكىپ كىيىدۇ؟

— ئىسسىق بولسۇن دەپ.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كېيىندىكى: «ئۆزۈڭ بۆرە تېرىسىگە يۆگىنىۋاپسەنۇ، نېمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايسەن؟» دېگەن كىنايىسىنى چۈشەنگەن ھاكىم قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ھاكىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ھال - ئوقىتى ياخشى كىشىلەردىن 40 —50 نى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. ھاكىم يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن جەريانىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ ماڭا بەرگەن تەنقىدى ئورۇنلۇق بولدى. بىز دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىشىمىز لازىم. ئەمما ھازىر ھۆكۈمەت مالىيەسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر. شۇڭا ھۆكۈمەتكىلا يۆلىنىۋالماي، ئۆزىمىز ئىئانە توپلاپ بىر ئىش قىلساق. ئەخمەتجان ئەپەندى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرمەكچى. ئەپەندىم كېلىمەن دېدىمۇ، چوقۇم كېلىدۇ. مانا مەن 100 قوي ياردەم قىلىمەن» دېدى.

يىغىن ئەھلى كەينى - كەينىدىن نەق پۇل، ياغاچ - تاش، ئەينەك، سىر قاتارلىقلارنى ياردەم قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. شۇ يىغىندا يەنە «مەكتەپلەرنى رېمونت قىلىش ھەيئىتى» قۇرۇلدى. ئەتىسىدىن باشلاپ رېمونت ئىشى باشلىنىپ كەتتى. ئىئانە توپلاش ئۇسۇلى بىلەن شۇ قېتىمدا يالغۇز شەھەر مەكتەپلىرىلا ئەمەس، يېزا مەكتەپلىرىمۇ بىر نۆۋەت چوڭ رېمونت قىلىنىپ، بىر قېتىم يېڭىلاندى.

———

(«سەيلىگە چىقىش ئالدىدا». «بۆرە جۇۋا» دېگەن ئىككى ھېكايە يولداش ئابدۇراخمان غوجانىيازنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئېلىندى.)

يەك. خىزمەتلەرگە ئەڭ ياخشى ئۈلگىلەرنى كۆرسەتكەن چارە مۇشۇ، يولداشلار.

يىغىندا بۇ تەكلىپنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولسىمۇ ئەمما ئۇنى ھېچكىم رەت قىلالمىدى. شۇ كۈنكى يىغىندا، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن پۈتۈن ئۆلكىدە «11 مادىلىق بىتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

(بۇ ھېكايىنى خەمىت سۇلتان سۆزلەپ بەرگەن)

## زەمبىرەك

بىركۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللىرىنى باشلاپ شائىخەيىنىڭ دىگىز بويىنى سەيلە قىلغىلى چىقتى. ئۇلار سەيلە قىلىپ يۈرۈپ بىر پورتقا كېلىپ قالدى. پورتتىكى بىر پاراخوتتا ۋەكىللەر ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان شۇنداق چوڭ بىر زەمبىرەك تۇراتتى. زەمبىرەكنىڭ يوغانلىقىغا ھەيران قالغان بىر گومىنداڭ ئەربابى:

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن يوغان زەمبىرەك بۇ! شىنجاڭغا بېرىپ ئىككى پاي ئوق ئاتسا پۈتۈن شىنجاڭنى تۈزلەۋەتكىدەككۇ بۇ! — دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمى دەرھاللا جاۋاب بەردى:

— بۇغۇ سىلە دېگەندەك خېلى چوڭ زەمبىرەككەن تەقسىر. جۇڭگو ئامېرىكىدىن مۇشۇ بىرنىلا ئالغان ئوخشايدۇ. بۇنى ئېتىپ شىنجاڭنى تۈزلىۋېتەلمىسىمۇ، يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. زېمىن ئانا ھايات بولسىلا قەھرىمان ئەۋلاد يەنە كۆپىيىشۋېرىدۇ. ئۇلار ئاخىرى مۇشۇ زەمبىرەكنى قېرىتىپ تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقلىرىغا دەپنە قىلىۋېتەرمىكىن دەيمىنا؟...

باشقىلار دەل ۋاقتىدا بېرىلگەن بۇ كىنايىلىك جاۋابنى

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نەزەرىدە بۇنداق ئورگانلارنى قۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ سۆزلىرى تۈگەپ بولغىچە سەۋرى قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا بۇ يېڭى قۇرۇلغان ئورگاننى مۇقىملاش ۋاقتىدا سۆزلەپ مۇنداق بىر ھېكايىنى تەمسىل كەلتۈردى:

— يولداشلار، سۈرىيە دېگەن دۆلەت بىر قېتىم بىر «جەمئىيەت تەكشۈرۈش» ھەيئىتى قۇرۇپتۇ. بۇ ھەيئەت ئەزالىرى خىزمەت تەكشۈرۈپ سۈرىيىنىڭ بىر شەھرىگە بېرىپتۇ. ئۇلار كەچقۇرۇن شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپتۇ. بىر يەرگە بارسا بىر چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دۆۋە تاش، تاش ئۈستىدە بىر پانار يېقىغلىق تۇرغۇدەك. ۋەكىللەر: «بۇ پانارنى نېمىشقا يېقىپ قويدۇڭلار؟» دەپ سوراپتىكەن، شەھەر باشلىقى: «ئادەملەر ماۋۇ بىر دۆۋە تاشقا سوقۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ يېقىپ قويدۇق» دەپتۇ. «ياخشى، ياخشى، ئۇنداقتا بۇ تاشنى نېمىگە دۆۋىلەپ قويدۇڭلار؟» دەپ سوراپتۇ ۋەكىللەر يەنە. «يولدىن ئۆتكەنلەر پەنەرگە سوقۇلۇپ، ئۇنى ئۆرۈۋەتمىسۇن دەپ دۆۋىلەپ قويدۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شەھەر باشلىقى يەنە. ۋەكىللەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ ھېلىقى شەھەر باشلىقىغا: «ھوي ئەخمەقلەر، بۇ ئاۋارىچىلىقتىن كۆرە، تاشنىمۇ، پانارنىمۇ يولدىن ئېلىۋەتسەڭلار، يولدىن ئۆتكەنلەر يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن كېتىۋەرسە بولمامدىنمۇ؟» دەپتۇ. بىزگىمۇ بۇنداق، ئۇنداق كومىتېتلارنى قۇرۇپ خەلقنىڭ سېلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، يولداشلار؟ ئەڭ ياخشىسى «بىتىم» نى تولۇق ئىجرا قىلساقلا بولمامدىمۇ؟ مېنىڭچە، بىز مۇشۇ ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىدىن بىر «تەكشۈرۈش ئۆمىكى» قۇرۇپ، «بىتىم» نىڭ تۆۋەندىكى ئىجرا قىلىنىش ئەھۋاللىرىنى بىر تەكشۈرۈپ كۆر-

لىكشىتىپ خىيالغىچە خىيال سۈردى. ئاندىن بېشىدىكى مانچىستىر
دوپپىسىنى ئېلىپ قول ياغلىقى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتتى ـ دە،
دوپپىسىنى كىيىپ، بولۇپ تەمكىن ھالدا جاۋاب بەردى:
— بىز شىڭ شىسەي دەۋرىگىچە قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇر-
غانىدۇق. شىڭ شىسەي كېلىپ ئېلېكتر يېقىشنى ئۆگەتتى. ئېلېكتر
چىراغ خەلققە ئەتراپىدىكى دۇنيانى خېلى كەڭ يورۇتۇپ بەر-
دى، خەلق تېخىمۇ كەڭ يورۇقلۇققا چىقىشقا، كەڭ دۇنيانى
بىلىشكە ئىنتىلدى. بۇ ئىنتىلىش شىڭ شىسەيگە قورقۇنچ سال-
دى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئېلېكترنى يوقىتىپ، لامپى-
نىمۇ بەرمەستىن شامما ئۆگىتىمەن دېدى. ئېلېكترگە ئۆگەنگەن
خەلق بۇنىڭغا بوي بەرمىدى.— ئەخمەتجان قاسىمى سەل تۇ-
رۇۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى. — ئېلېكتر بىلەن ياشاي-
مىز، دېدى... شىڭ شىسەيگە شۇنداق قارايمەن. ئۇ دەسلەپ
مەرىپەتپەرۋەر بولۇپ كۆپلەپ مەكتەپ ئاچتى. نۇرغۇن باللىرىمىز
پەننى مەكتەپلەردە ئوقۇدى. ئۆلكىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرى
كۆتۈرىدىغان يول كېڭەيدى. شىڭ شىسەي دەۋرى
بولمىغاندا بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنى مەۋجۇت
قىلىدىغان كادىرلار بولمىغان بولاتتى. ئەمما، 2 ـ دۇنيا ئۇ-
رۇشى پارتلاپ گىتلېر فاشىزىمى ۋاقتىلىق غالىب كەلگەندە،
شىڭ شىسەي دەرھال ئەسلى ماھىيىتىگە قايتتى. ئۇ ئىستىبدات
سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ زىيالىي ياشلارنى، تەلىم ـ تەربىيە ئىگى-
لىرى بولغان مۇئەللىملەرنى قىرغاۋۇلنى ئوۋلىغاندەك ئوۋلاشقا
باشلاپ، راۋاجلىنىپ كېتىۋاتقان مەدەنىيەتنى كەينىگە سۆرىدى.
بۇنىڭ نەتىجىسىدە جامائەت ئىچىدە تەتۈر پىشانە ئادەم
«ئوقۇتقۇچى» بولىدۇ، دىگەن خاتا قاراش پەيدا بولۇپ،
ئانچە ـ مۇنچە خەت تونۇغان يىگىتلەرگە قىز بەرمەسلىك ئىشى-
لىرى كۆپەيدى، مۇئەللىملەر باشقىلارنىڭ ئادەمگەرچىلىك مۇئا-

ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە: بىزنىڭ مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك زەمبىرەكلىرىمىز بار. ئۈچ ۋىلايەتتەك ئازغىنا بىر يەرنى بىر ئەچچە پاي زەمبىرەك ئوقى بىلەن تۈزلىۋېتىمىز، دېمەكچى بولغان ھېلىقى گومىنداڭ ئەرbابى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جاۋابى، بىمەن باشقىلارنىڭ ئەلە كۈلكىسىنى ئاڭلاپ، قايىنامغا غەرق بولغان ئادەمدەك تۇنجۇقۇپ كەتتى.

(بۇ ھېكايىنى خەمىت سۇلتان سۆزلەپ بەرگەن)

## شىڭ شىسەيگە باھا

1946 - يىلى، ئەخمەتجان قاسىمى نەنجىڭدىكى گومىنداڭ قۇرۇلتىيىدىن «ساقلىقىم يوق» دېگەننى باھانە قىلىپ يېنىپ چىقتى - دە، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى باشلاپ شاڭخەيگە باردى. ئۇنىڭ مەقسىتى: شاڭخەيدىكى ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئۇچرىشىش ھەمدە شاڭخەي خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش ئىدى.

بىر كۈنى، شاڭخەيدىكى نوپۇزلۇق بىر گېزىتتىن بىر مۇخبىر ئەخمەتجان قاسىمى تۇرغان مېھمانخانىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى:

— سىز شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئىكەنسىز، — دېدى مۇخبىر. — سىلەر قورallıq قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھۆكۈمەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدىڭلار. بۇ قوراللىق ھەرىكەت شىڭ شىسەينىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە توغرا كەلدى. ئېيتىڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟ سىز شىڭ شىسەيگە قانداق باھا بېرىسىز؟...

ئەخمەتجان قاسىمى ساپادا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە بېشىنى

بىرغا قاراپ كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدىن «شۇنى بىلىڭكى، قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش كۆرۈنىدىغان بۇ خەلق قوزغالسا، ھېچ نەرسە ئارا تۇرالمايدۇ» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى.

ھېلىقى مۇخبىرمۇ شىڭ شىسەي ھەققىدە يەنە گەپ ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

(بۇ ھېكايىنى خەمىت سۇلتان سۆزلەپ بەرگەن)

## مائارىپ ئادەمگە ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتىدىغان پەن

ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپچىلار بىلەن بىر يەردە بولۇپ قالسا ياكى مائارىپ توغرىسىدا يىغىنلاردا سۆز قىلسا داۋاملىق مۇنداق بىر ھېكايىنى نەقىل قىلىپ سۆزلەيتتى:

— يولداشلار، بۇرۇن شىنجاڭنى ياڭ① دېگەن بىر كىشى سورىغان. ئۇ شىنجاڭنى 10000 چېرىك بىلەن ئون نەچچە يىل خاتىرجەم سوراپ خېلى نام قازانغان. بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كىشىلىرىمىز ھېلىمۇ ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

---

① ياڭ — ياڭ زېڭشىن (1859 — 1928) مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى مەمۇرىي ئەمەلدارى. 1913 - يىللىرىدىكى تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان جاللات. ئۇ شىنجاڭغا 1912 - يىلدىن 1928 - يىلغا قەدەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1928 - يىلى 7 - ئايدا ئۈرۈمچىدە پەن ياۋەن تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «خان ئوردىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر»، «خان ئوردىسىدا ئوقۇلغان لاۋزى كىتابىدىن خاتىرىلەر»، «ئىستىغبار ھۇجرىسىدا ئوقۇغان لاۋزى كىتابىنىڭ يوشۇرۇن قەسىدە قىسمىدىن خاتىرىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ ئەسەرلەردە ئاساسەن شىنجاڭنى باستۇرۇش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. —

مىلىسىدىنمۇ مەھرۇم بولدى. شىڭ شىسەي مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى ئىلگىرىكى ئەھۋالغا (ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن بۇرۇنقى) چۈشۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى.

ھەقىقەتەن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى تاماملىنىشى بىلەن دۇنيادا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى: ئۇرۇش مۇستەملىكە ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ ئېڭىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. مۇستەملىكە خەلقلەردە قۇل بولماسلىققا، ئەركىن ياشاشقا بولغان ئىنتىلىشى كۈچەيدى... نەتىجىدە ۋيېتنام، ھىندونېزىيە، شىمالىي كورېيىدە جۇمھۇرىيەتلەر مەۋجۇت بولدى. بىزمۇ: «ئەمدى قۇل بولمايمىز!» دەپ قوزغىلاڭ كۆتۈردۇق. بۇ قوزغىلىڭىمىز ئىنسانىيەتچىلىك مۇئامىلىسىدىن مەھرۇم بولغان خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان قوزغىلىڭى ئىدى... بىز ئاخىرى شىڭ شىسەي بەرمىگەن ئېلېكتىرنىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ نەرسىنى — ئۆز ئەركىنلىكىمىزنى، ئۆز تەقدىرىمىزنى قايتۇرۇۋالدۇق.

شىڭ شىسەي — دەسلەپتە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋېلىش ئۈچۈن خەلققە بىر مەزگىل سېخىلىق قىلىپ ياخشى كۆرۈنگەن، خەلقنى كۆندۈرۈۋالغاندىن كېيىنلا بىراقلا ئۇنىڭ شىللىسىگە مىنىپ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن زالىم بىر جاللات... خەلقنى مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن تىزگىنلەپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. كىمدە - كىم خەلققە بىھۇدە زۇلۇم سالىدىكەن، خەلق ئۇنى خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرى قولۋاقنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندەك ئاغدۇرۇپ ھالاكەت دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ. شىڭ شىسەيمۇ خۇددى شۇنداق بولدى! ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى خەلق دۈشمەنلىرى گومىنداڭ ھەم ئاشۇ شىڭ شىسەيگە بېرىلگەن ئەجەللىك زەربە!

ئەخمەتجان قاسىمى سۆزىنى تۈگەتتى - دە، ھېلىقى مۇخـ

چۈنكى مەن ھەممىنى بىرگەن بىلەن مائارىپنى بەرمەيمەن.
— مائارىپنى بەرمىگەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دەپ سوراپتۇ خان مەنىستىمىگەن ھالدا.
ياڭ ناھايىتى ھوزۇرلانغان ھالدا شۇنداق دەپتۇ:
— مائارىپى يوق مىللەت كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان. ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنلا مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەرقانداق ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى دەرھال نەزەربەنت قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئامالىم بار. ئىككى نادانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئازراق بىر مەنسەپنى تاشلاپ قويىمەن. ئۇ مەن ئالىمەن دەيدۇ، بۇ مەن ئالىمەن دەيدۇ. ھەرگىز بىر - بىرىگە ئۆتۈنمەيدۇ، ھەتتا دۈشمەنلىشىدۇ، ئاندىن مېنىڭ ئالدىمغا كىرىپ بىر - بىرىنى چاقىدۇ. ئۇ كەلسىمۇ سىزنىڭ توغرا، چىڭ تۇر دەيمەن. بۇ كەلسىمۇ سىزنىڭ توغرا، چىڭ تۇر دەيمەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى توختىماي ئېلىشىپ مېنى ئۆزلىرىگە شەپقەتچى خۇدا قىلىۋالىدۇ... مەن يۇرتنى ئەنە شۇنداق سورايمەن.
خان بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ - دە، ياڭنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:
— بۇ ناھايىتى ياخشى چارىكەن، يۇرتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ناھايىتى ياخشى چارىسىكەن، سەن ئالتۇندىنمۇ قىممەت بۇ چارە - تەدبىرىڭنى دەرھال يېزىپ چىق! باشقىلارمۇ ئۆگەنسۇن، — دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ياڭ خاننىڭ ئېسىل ئوردىسىدا يېتىپ «خان ئوردىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، شىنجاڭنى باشقۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

بىر قېتىم، خان ياكنى بېيجىڭغا چاقىرتىپتۇ. ياك ئوردىغا كىرىپ خانغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپتۇ. خان ئۇنىڭدىن ئازا رازى بولماپتۇ.

— سەن ۋاقتىدا ھۇشۇڭنى تاپ، بولمىسا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالارسەنمىكىن؟ — دەپتۇ خان غەزەپلەنگەن ھالدا.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — دەپتۇ ياك ھەيران بولۇپ.

خان كەسكىن قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— شىنجاڭ يېڭى ئېچىلغان يەر ھەم مۇرەككەپ جاي. ئەگەر بىرەر توپىلاڭ بولۇپ قالسا سېنىڭ 10000 چېرىكىڭ نېمە قىلالايدۇ؟ سەن دەرھال چېرىكنى كۆپەيتمىسەڭ بولمايدۇ.

ياك بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ-دە:

— خان ئالىيلىرى، مەنچە بولسا مۇشۇ 10000 چېرىكنىمۇ تارقىتىۋېتەيمىكىن دەيمەن. ئۇ يەرلىك خەلقلەرنى چېرىك بولمايمۇ باشقۇرغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپتۇ خان ھەيران بولۇپ، — چېرىكى يوق ئەمەلدار ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرالامدۇ؟

— بىزنىڭ ئۇ يەردە تۇتۇپ تۇرالايدۇ، — دەپتۇ ياك ئىشەنچ بىلەن.

— ئېيتە قېنى، جەمئىيەتنى قانداق باشقۇرۇسەن؟ — دەپتۇ خان قىزىققان ھالدا.

— مەن خەلققە دىنىي ئەركىنلىك بېرىمەن ۋە باشقا سورىغان نەرسىلىرىنى بېرىمەن، — دەپتۇ ياك.

— ھەممىنى بېرىۋەرسەڭ، بىر كۈنى ئۇلار سەندىن ھوقۇقۇڭنىمۇ بەر دەپ سورىمامدۇ؟

— ئۇ خەق ھوقۇقۇڭنى بەر دېمەيدۇ، — دەپتۇ ياك، —

پەزلىكىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ بۇ خىزمەتنىمۇ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى.

بىر كۈنى باش شتابتىكىلەر ئالدىنقى ئۇرۇش شتابىغا ھەرەمباغنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى تەكشۈرگىلى كېتىپ تولىمۇ كەچ قالدى. ئەخمەتجان قاسىمى كەچلىك تاماقنى تەييارلاپ ئۇلارنى خېلى ئۇزۇن كۈتتى. لېكىن، ئۇلار تېخى تەڭ بولغىچە قايتىپ كەلمىدى. ئەخمەتجان قاسىمى يولغا تولا قاراپ ھاردى ـ دە، ياتاق ئۆيىگە كىردى. بۇ ياتاقتا باش شتاب شوپۇرى بىلەن ئەخمەتجان قاسىملا ياتاتتى. شوپۇر ئاقكۆڭۈل، ئەمما مىجەزى سەل چۇس ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يوتقان ـ كۆرپە ۋە ياستۇقى بار ئىدى. بىراق ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىدى. ئۇ كېچىلىرى چاپىنىنى غېرىبچە يېپىنىپلا بورا ئۈستىدە ياتاتتى. بۈگۈن ئۇ قوماندان شتابتىكىلەر كېلىپ قالدۇ، كۈتۈپ تۇراي دېگەن خىيال بىلەن ھېلىقى شوپۇرنىڭ ياستۇقىغا بېشىنى قويۇپ سەل قىڭغىيىپ ياتقانىدى. بىراق، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قالدى. سەھەر مەزگىلى بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، بىر كىشى ئۇنىڭ پۇتىغا تېپىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— قوپە، ھوي! ماي كىيىملىرىڭ بىلەن ياستۇقۇمنى پاسكىنا قىلماي!

ئەخمەتجان قاسىمى چۆچۈپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا ھېلىقى ئاچچىقى يامان شوپۇرنى كۆردى ـ دە، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى:

ـ خاپا بولمىسىلا ئۇستام. سىلىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ... تاماق يەۋالسىلا، پولۇ ئەتتىم... قالغانلار قېنى؟

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئاشخانا ئۆيگە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ بىردەمدىلا ئاشلارنى ئۇسۇپ، قوماندانلارغا داستىخان

ئەخمەتجان قاسىمى ھېكايىسىنى ئېيتىپ شۇ يەرگە كەلگەندە ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتەتتى - دە، تېخىمۇ جاراڭلىق قىلىپ سۆزلەيتتى.

— يولداشلار، ياك بىزنى ئەنە شۇنداق سورىغان. ئۇ ھەرقايسى يەرلەرنىڭ دوتەي، ئامباللىرىنى پۈتۈنلەي دىنىي زاتلاردىن تەيىنلەيتتى. ئۇ تۆۋەننى كۆزدىن كەچۈرسە ياكى يىغىن ئاچسا دوتەي، ئامباللاردىن ناھىيەڭدە نەچچە مەسچىت بار دەپ سورايتتى. مەسچىتنى كۆپ سالغان ئامبال، دوتەينى مۇكاپاتلايتتى. مەسچىتنى ئاز سالغانلارنى جازالايتتى ياكى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلايتتى. شۇڭا ياڭنىڭ دەۋرىدە شىنجاڭدا مەسچىت 4000 غا يەتكەنىدى. ھازىرقى بىر قىسىم مۆتىۋەر زاتلارنىڭ ياڭنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇنىڭدا. بىز ياڭنى دورىمايلى. خەلقنى، بولۇپمۇ باللارنى مائارىپقا باشلايلى، مائارىپ ئادەمگە ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتىدىغان يەن.

(بۇ ھېكايىنى ئابدۇغوپۇر ئىمىن سۆزلەپ بەرگەن)

## شوپۇرنىڭ ياستۇقى

ئەخمەتجان قاسىمى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مەھەللىمۇ - مەھەللە يۈرۈپ ئەينەكچىلىك قىلىپ، يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 1944 - يىلى كۈزدە ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلاپ، چاقماق تېزلىكىدە غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. غۇلجا ئاسانلا ئازاد بولغان بولسىمۇ، دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچى ھەرەمباغقا يوشۇرۇنۇۋېلىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ئەينەكچىلىكنى تاشلاپ، ئاشكارا ھالدا ئىنقىلاب قوشۇنىغا كىردى. ئەمما دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ باش قوماندان شتابىنىڭ ئاش-

— ئۇستام، ئىغىر كۆرمەي ياستۇقتىن ئىككىنى تەييارلىۋالارسىز. ئاخشاملىققا ئۇ يەردە ياستۇق تالىشىپ ئورۇشۇپ قالمايلى يەنە!
شوپۇر قىزىرىپ كەتتى - دە، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىدى:
— ئەپەندىم... شۇ قېتىم ئۇقۇشمايلا شۇنداق دەپتىكەنمەن... ئالدىلىرىدا تولىمۇ خىجىلمەن... كەچۈرسىلە...
ئەخمەتجان قاسىمى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— ئۇقۇشماي دېمىسىلە، سىلىنىڭ ئاقكۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. شۇڭا سىلىنى يەنە بىللە ئىشلەيلى دەپ تەلەپ قىلدىم - دە! ئەمما سەل ئاچچىقلىرى يامان. شۇڭا ياستۇقتىن ئىككىنى ئېلىۋالسىلا، يەنە تالىشىپ قالمايلى دەيمەنغۇ...
ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق دېدى - دە، تولۇپ تاشقان سەمىمىلىك بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
دەسلەپ قىزارغان، كېيىن تەمتىرىگەن شوپۇرمۇ خۇددى دوستى بىلەن چاقچاقلاشقاندەك:
— بولدى، ئەمدى بىر ياستۇق بولسىمۇ تالاشماي دوست بولۇپ يېتىشىۋېرىمەن! — دېدى.
— مانا، مانا، ئەمدى ئەقىل تاپتۇق، بۇرۇنلا شۇنداق قىلغۇلۇق ئىدى. ئەمسە ئاخشاملىققا چوقۇم بىر ياستۇقتا ياتىمىز. لېكىن تالاشمايلى جۇمۇ!
ئەخمەتجان قاسىمى قاقاقلاپ كۈلدى. شوپۇرمۇ خاتىرجەم ھالدا قاقاقلاپ كۈلدى. ئاشۇ كۈلكە بىلەن بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلاپ كەلگەن ھېلىقى خىجىللىق تولۇق يۇيۇلۇپ كەتتى.
(بۇ ھېكايىنى ئابدۇغۇپۇر ئىمىن سۆزلەپ بەرگەن)

سالدى. ئاندىن يەنە بىر چىنە ئاشنى كۆتۈرۈپ شوپۇرنىڭ يېنىغا كىردى. شوپۇر تېخىچە خاپا ئىدى. ئۇ ھەتتا ئاشنىمۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپ يېدى. پات - پات «چاي قۇي!» دەپ ۋارقىراپمۇ قوياتتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. بۇ ئارىدا ئەخمەتجان قاسىمى گېزىتخانىدا تەھرىر بۆلۈم مەسئۇلى، ھەربىي بۆلۈم باشلىقى، كېيىن بىتىم ۋەكىلى، ئاخىرىدا ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى.

1948 - يىلى ھېلىقى ياشتۇق تالاشقان شوپۇر ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شوپۇرى قىلىپ بەلگىلەندى. ئۇ دەسلەپ ھېلىقى ياستۇق ۋەقەسىنى ئەسلەپ ئۆزىچە خۇدۇكسىرەپ، قورقۇپ يۈردى. ئەمما ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سەممىمىي، قىزغىن مۇئامىلىسى ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭدىكى قورقۇنچنى تۈگەتتى. ئەمما ئۇ ھەمىشە شۇ ئىش تۈپەيلى خىجىل بولۇپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى. ئۇ ئەخمەتجان قاسىمدىن شۇ ئىش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئەپۇ سورىماقچى بولدى - يۇ، ئەپسىز كۆرۈپ ئاغزىغا كەلگەن گەپنى دېيەلمەي قويدى. بۇنى ئەخمەتجان قاسىممۇ سېزىپ يۈردى.

1948 - يىل كۈزدە ئەخمەتجان قاسىمى بىر قىسىم رەھبەرلەر بىلەن ئىلى دەرياسى بويىغا ساياھەتكە چىقماقچى بولدى. ئۇ ئەتىسىگەندە بىر جىددىي خىزمەتنى بېجىرمەكچى بولۇپ، ماشىنا بىلەن «ئىتتىپاق» مەھكىمىسىگە كەلدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ شوپۇرغا ئۆيىگە بېرىپ ساياھەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېرىشنى تاپشۇردى. شوپۇر دەرھال «خوپ!» دېدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئىشخانا بىناسىغا بەش - ئالتە قەدەم مېڭىپ بىردىنلا توختاپ قالدى - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ شوپۇرنى چاقىردى ھەمدە تولىمۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

تېتىنىڭ بىۋاستە قارمىقىدا نېفىت ئىشچىلىرى ئۈچۈن بىر گېزىت ئىشلەشنى تەلەپ قىلادى.

— ئىشچىلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. گېزىت ئوقۇشمۇ مەدەنىي پائالىيەت. توغرىراقنى ئېيتقاندا ئىلىم - پەن ئۆگىنىش بولىدۇ. ئاددىيسى گېزىت ئوقۇغان ئادەم ئۆز ئەتراپىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، دۇنيادا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ياخشى ئىشلاردىن، يېڭىلىقلاردىن غەيرەت، ئۈمىد تاپىدۇ. شۇڭا مايتاغ نېفىت ئىشچىلىرى ئۈچۈن بىر گېزىت ئىشلەش كېرەك، — دېدى ئۇ.

بۇ تەكلىپ سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى ياقتى. ئۇلار شۇ ھامانلا گېزىت ئىشلەيدىغان مۇھەررىرلەرنى بېكىتتى. ئەمما، بۇ گېزىتنىڭ ئىسمىنى نېمە دەپ ئاتاش كېرەك؟ بىردىنلا بۇ مەسىلە ھەممە ئادەمنى ئويغا سېلىپ قويدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بىرلاھىيە، بۇ بىر لاھىيە قويۇپ باقتى. لېكىن ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك ئوبدان بىر ئىسىم ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

— مەنچە ھەممە نەرسىنىڭ لەززىتى ھالال مېھنەتتە، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى باشقىلار بىر قۇر پىكىر قويۇپ بولغاندىن كېيىن، — بۇ نېفىتلىكنى ئېچىشتىمۇ ھالال مېھنەت، ئىتتىپاقلىق، ئىلىم - پەننى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بىرلىك بولمىسا چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ گېزىتنىڭ نامى «مېھنەت بىرلىكى» بولسا، قانداق دەيسىلە؟

بۇ تەكلىپنى ھەممە كىشى ناھايىتى قىزغىن ماقۇللىدى. ئېخى باياتىنلا بۇ گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ بېكىتىلگەن كىشى بىر ۋاراق ئاق قەغەزنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى - دە:

## «مېھنەت بىرلىگى»

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كۈندىن باشلاپ مايتاغ نېفىتلىكىنى ئېچىشنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى. ئۇ داۋاملىق: ئەمدى ئىلىم - پەننى قورال قىلىدىغان دەۋر كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن كەتمەن، بوقوسا ئورنىدا تراكتور يەر ھەيدەيدۇ. ئورغاقنىڭ ئورنىدا كومبايىن ئورما ئورىدۇ. ئات - ئېشەك، ھارۋا ئورنىدا ئاپتوموبىللار قاتناش قورالى بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن نېفىت كېرەك. ماشىنا - تراكتورلار ئۈچۈن نېفىت خۇددى ئاش-ناندەك مۇھىم. بىز بۇ ئىش ئۈچۈن ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قولىغا قارىمايمىز. بىزنىڭ زېمىن شۇنداق ئۇلۇغ ئىكەنكى، ئۇنىڭ قوينىدا سانائەت ئۈچۈن كېرەكلىك ھەممە نەرسە بار. ئەمما ئۇ نەرسىلەرنى كەتمەن بىلەن قېزىۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنى ئىلىم - پەننىڭ كۈچى بىلەن ئالىمىز. ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تېخنىكا ئىشلىرىدا ھەمكارلىق ئورنىتىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن تېخنىك قوشۇنى يېتىشتۈرىمىز. ئۆز بايلىقىمىزنى ئۆزىمىز ئېچىش ئۈچۈن تىرىشىمىز دەيتتى.

1949 - يىلىنىڭ ياز پەسلىدە ئەخمەتجان قاسىمى مايتاغقا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ پىيادە يۈرۈپ بىر نەچچە نېفىت قۇدۇقىنى كۆردى. تېخنىكلاردىن ئەھۋال سورىدى ھەمدە ئۇلارنى رۇس ئىنژېنېرلىرىدىن كۆپرەك تېخنىكا ئۆگىنىۋېلىپ پات ئارىدا مۇستەقىل ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. مەسئۇل يولداشلارغا تېخنىكلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش شارائىتىنى ياخشىلاشنى ئېيتتى. ئاخىرىدا مايتاغ ئىتتىپاق كوم-

دا شىخو خەلقىنىڭ كومىنداڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغىنىغا ئۈچ يىل بولغانىدى. ئەمما بۇ قىسقىلا ئۈچ يىلدا شىخودا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى: خەلق ھەر خىل ئالۋاڭ - ياساقتىن قۇتۇلۇپ تۇرمۇشى نەچچە ھەسسە ياخشىلاندى. شەھەر ۋە مەھەللىلەردىمۇ ھەرخىل پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، خەلق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يۈرۈش قىلدى. دېمەك، شىخودا بىرخىل قاينام - تاشقىنلىق، جۇشقۇن ھايات بارلىققا كەلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ناھىيە ھاكىمى بىلەن ھەممە يەرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە شەھەر مەركىزىدە بىر نەچچە قول ھۈنەرۋەنلەر كارخانىسى قۇرۇشنى، كوچىلارنى رەتلەپ مېۋىلىك باغلارنى كۆپەيتىشنى ئېيتىپ، مۇشۇ يىل قىشتا ھاكىمغا شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

ئۇ شىخوغا كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە چىڭگىشودىكى موڭغۇل خەلقىدىن ھال سوراپ چىقتى. بىرنەچچە موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. ئۇلارغا ئېيتىپ، تۆكۈلۈپ، ئىسراپ بولۇۋاتقان سۈتلەردىن سېرىق ماي، قىمىز، قۇرت ئىشلەپ شەھەرگە ئاپىرىپ ساتسا ئائىلىسىگە يەنىمۇ كۆپ كىرىم بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ خېلى كۆپ ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردى. ئۇ يۇرت كاتتىسى بىلەن كۆرۈشكەندە قوي بېقىپ يۈرگەن باللار ئۈچۈن بىر كۆچمە مەكتەپ ئېچىشنى، بۇنىڭ ھەممە راسخودىنى ھۆكۈمەت چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزى يەنە بىر قېتىم كېلىپ بولغىچە مۇشۇ يەردە بىر موڭغۇل مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى.

ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىبادەتخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلى ھەيۋەتلىك بۇ ئىبادەتخانىدا 40 - 50 لاما دىنىي

— ئەپەندىم، «مېھنەت بىرلىكى» گېزىتىنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن گېزىتىمىزگە بىر بېغىشلىما يېزىپ بەرسىڭىز، — دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

— گېزىت - ژۇرناللارغا باشقىلارنىڭ بېغىشلىما يېزىشى تازا ئىلمىي مۇئامىلە ئەمەسقۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ، — مۇمكىن بولسا تەھرىر بۆلۈمى گېزىتىنىڭ كىملەر ئۈچۈن نەشر قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئايدا نەچچە سان چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، كەڭ ئىشچىلارغا بۇ گېزىتنى ئوقۇشقا ھەمدە ماقالە يېزىشقا چاقىرىقنامە چىقىرىڭلار. مانا بۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. گېزىتىڭلار ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا قانچە يېقىنلاشسا، ئىشچىلار بۇ گېزىتكە شۇنچە ئامراق بولىدۇ. گېزىتىڭلار قانچە تېز چىقسا شۇنچە ياخشى!

خەلقنىڭ گېزىتىنى ھەرگىزمۇ باشلىقلارنىڭ گېپى بىلەن تولدۇرۇۋەتمەڭلار.

ئەخمەتجان قاسىمى ھەممە ئىشلارنى شۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ غۇلجىغا قايتتى. ئۇ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا «مېھنەت بىرلىكى»① نەشر قىلىنىپ، نېفىت ئىشچىلىرى ئارىسىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇشقا باشلىدى.

## مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ھۆرمەت قىلىش كېرەك

1948 - يىل كۈز پەسلىدە ئەخمەتجان قاسىمى شىخو ناھىيىسىگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلدى. بۇ چاغ-

① «مېھنەت بىرلىكى» گېزىتى — 1949 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان ئىككى - ئۈچ ئاي ئىچىدە 15 سان نەشر قىلىنىپ، 1950 - يىلنىڭ بېشىدىن تارتىپ توختاپ قالغان.

شۇڭا مىللەتلەر بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، تەقسىر!

ئەتراپتىكى كىشىلەر رازىمەنلىك بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتتى. ئەمما، ھېلىقى مۆتىۋەر لام - مىم دېيەلمەي يەرگە قارىۋالدى.

(بۇ ھېكايىنى تۇردى ساماق سۆزلەپ بەرگەن)

## جۇغراپىيە دەرسى — ۋەتەنپەرۋەرلىك دەرس

ئۆزىڭىز تۇغۇلغان شەھەر، يېزا، مەھەللىنىڭ تارىخىنى، جۇغراپىيەۋى شەكلىنى، يەر ئاستىدا نېمە بايلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ئەتىمالىم، بىلمەيدىغانسىز، مانا بۇ نۇرغۇن كىشىلەر سەل قارايدىغان نەرسە.

بىر قېتىم ئەخمەتجان قاسىمى بىر نەچچە ھەمراھى بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى «ئۈمىد» مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلدى. بۇ ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسكە كىرىپ كەتكەن ۋاقتى بولۇپ، مەكتەپ ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇلار دەرۋازا يېنىدىكى بىر سىنىپنىڭ ئالدىغا كەلدى، سىنىپ ئىچىدىن بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ تەمكىن، ئەمما جاراڭلىق ئاۋازى كەلمەكتە ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بىر ئاز تىڭشاپ بالىلارغا جۇغراپىيە دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلدى: ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىرىنى خېلى ئۇزۇن بېرىلىپ ئاڭلىدى. كېيىن ئوقۇتقۇچىنىڭ «بۈگۈن مەن مۇشۇنچىلىك سۆزلەيمەن. چۈشەنمىگەن يېرىڭلار بارمۇ؟» دېگەن سۆزى ئاڭلاندى. لېكىن بالىلاردىن سوئال چۈشمىدى. شۇ چاغدىلا ئەخمەتجان قاسىمى سىنىپ ئىشىكىنى تاكىلدىتىپ چەكتى. ئارقىدىنلا ئىشىك ئېچىلىپ ياش بىر ئايال مۇئەللىمنىڭ يېقىملىق سىماسى پەيدا بولدى، ئۇ بىر قاراپلا

پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەخمەتجان قاسىمى سۆكۈت ئىچىدە ئىبادەتخانىغا كىرىپ كەلدى - دە، بىر بۇتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ موڭغۇل خەلقىنىڭ دىنىي ئادىتى بويىچە قولىنى پېشانىسى ۋە ئىككى مۈرىسىگە توقۇپ سەجدە قىلدى. ئاندىن قويىنىدىن تۆت مېتىر قىزىل تاۋارنى ئېلىپ ھېلىقى بۇتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ يەردىكى لامالار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ ئەھۋاللاشتى. بۇ ئىش بىردەمدىلا پۈتۈن موڭغۇل مەھەللىسىگە پۇر كەتتى - دە. ئۆي - ئۆيلەردىكى قېرى - چۆ- رى، ئۇششاق باللارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئەخمەتجان قاسىمىنى ئورىۋالدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

ئۇلار ئىبادەتخانىدىن يېنىپ چىققاندا ئەخمەتجان قاسىمى نىڭ يېنىدىكى تەقۋادار بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەپەندىم، موڭغۇلنىڭ بۇتىغا سەجدە قىلغانلىرى قانداق بولار؟

ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ كەتتى - دە، ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— تەقسىر، سىزمۇ كۆڭۈلدە بەش قېتىم خۇداغا سەجدە قىلىسىزغۇ. بۇمۇ موڭغۇل خەلقىنىڭ خۇداسى. شۇڭا سەجدە قىل دۇق. ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۇلۇغ بىلىپ، باشقا مىللەتنىڭ دىنىنى يامان كۆرسەك ياخشى بولماس تەقسىر. باشقا مىللەتنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادىتىنى ھۆرمەت قىلىش، شۇ مىللەتنى ھۆرمەت قىل- غانلىق بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىسەك، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ. ئىتتىپاقلىق بولمىغان ئىكەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزمۇ روناق تاپمايدۇ. ئەگەر ھەممە مىللەت بىرلەش مىسەك، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىمىزمۇ غەلىبە قىلمىغان بولاتتى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆلكىمىزدىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت
بۇنىڭغا يول قويماي كەلدى. ئۆلكىمىزدە يەرلىك خەلقلەر
ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر شۇنچە ئاز تۇرۇقلۇق
ئۇلارنى يەنىمۇ قىسقارتتى. ھەتتا ئۆز ئانا تىلىمىزدا دەرسلىك
ئىشلەشكىمۇ يول قويماي كەلدى. ھەتتا كېيىنكى يىللاردا ئوت-
تۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت خەرىتىسىدىن باشقا ئەللەرنىڭ خەري-
تىسىنى ئوقۇش قەتئىي مەنئىي قىلىندى. دۇنيا خەرىتىسىنى
ئۆگەنمىسە جۇغراپىيە دەرسىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ شۇڭا ئوت-
تۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلىرىمىزمۇ دۇنيا جۇغراپىيىسى ۋە
دۇنيا ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدى. بۇ: «ئۆزۈمنى
ھارۋىكەشكە تاپشۇردۇم. بارىدىغان يېرىمگە ھارۋىكەش ئۆزى
بىلىپ ئاپىرىدىغۇ!» دېگەن بىلەن باراۋەر بولدى. ئۇلار نېمە
ئۈچۈن جۇغراپىيە دەرسىنى ئۆگىنىشىمىزدىن قورقىدۇ؟ بىز جۇغ-
راپىيە دەرسىنى ئۆگەنسەك، دۇنيادىكى بىزگە ئوخشاش مىللەت-
لەرنىڭ زېمىنلىرى، دۆلەتلىرى، تاغ - دەريالىرى، شەھەر ۋە
سەھرالىرى بىلەن تونۇشىمىز. ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى قانداق
ئۆزگەرتكەنلىكلىرىدىن ئۆلگە ئالىمىز. ھەمدە ئازاد ياشاش ئۈچۈن
ئىنتىلىمىز. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ جۇغراپىيە دەرسى ئۆگىنىشىمىز-
دىن قورقىدۇ. يول بىلگەن ئادەم يولدىن ئازمىغانغا ئوخشاش،
دۇنيا جۇغراپىيىسىنى ياخشى بىلگەن ئادەممۇ ئۆزىنى بىرخىل
ئازاد ۋە ئەركىن ھېس قىلىدۇ. «دۇنيا مانا مۇشۇ» دەپ ئۆزى
ياشاۋاتقان ئازغىنە يەرنى كۆرىدىغان نادانلىقنى جۇغراپىيە
دەرسى يۇيۇپ تاشلايدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى قولىغا يېرىم بورنى ئالدى - دە،
دوسكىغا يەر شەكلىنىڭ شەرقىي يېرىم شارى بىلەن غەربىي يېرىم
شارىنى چۈشۈردى. ئاندىن شەرقىي يېرىم شارغا ئاسىيا قىتئەسى-
دىكى دۆلەتلەرنىڭ شەكلىنى سىزدى. ئاندىن جۇڭگونىڭ غەر-

ئەخمەتجان قاسىمىنى تونۇدى ـ دە، ئىشىكنى داغدام ئېچىۋېتىپ سىنىپ ئىچىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— باللار، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندى كەپتۇ!

سىنىپ ئىچىدىن بىردىنلا گۈلدۈراس چاۋاك ساداسى ئاڭلاندى.

ئەخمەتجان قاسىمى سىنىپ ئىچىگە بىر نەچچە ھەمراھى بىلەن كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى ـ دە، باللارنى چاۋاكنى توختىتىپ، ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. ھېلىقى ئايال ئوقۇتقۇچى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالدىغا بىر ئورۇندۇق ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەمما، ئۇ ئولتۇرمىدى، ئۇ ھەمراھلىرىنى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى ـ دە، دوسكا ئالدىدا تۇرۇپ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردەك تەمكىن ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— باللىرىم، مەن باياتىن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئوقۇتقۇچىلار ئۆتكەن جۇغراپىيە دەرسىنى ئاڭلىدىم. دەرس ناھايىتى ياخشى ئۆتۈلدى. ئەمدى بىز بىللە ئولتۇرۇپ بۇ دەرس ھەققىدە مۇزاكىرە قىلايلى.

ئۇ سۆزىنى بىر ئاز توختىتىپ نېمىنىدۇ خىيال قىلىۋالدى ـ دە، داۋام قىلدى:

— بىز نېمە ئۈچۈن جۇغراپىيە دەرسىنى ئۆگىنىمىز؟ ئالدى بىلەن مانا مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك. بىز ئۆزىمىز ۋە ئۆزىمىزگە ئوخشاش نەچچە يۈز مىللەت ياشاۋاتقان تەبىئەت دۇنياسىنى ـ يەنى يەر شارىنى بىلىش، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ بىر بەخت ماكانىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جۇغراپىيە دەرسىنى ئۆگىنىمىز. شۇنداقلا بىز دۇنيانى بىلەلەيمىز ۋە ئۆزگەرتەلەيمىز. ئەمما

# ئاماكا خالتىسىدىكى پۇل

ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئايىروپىلان يولدا
ھادىسىگە ئۇچراپتۇ دېگەن شۇم خەۋەر پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە
چىداپ تۇرغۇسىز مۇسىبەت ئېلىپ كەلدى. غۇلجا شەھىرىدە
مېڭىلىغان كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ يىغلىماقتا ھەمدە مەر-
ھۇم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ياخشى ئىش، ياخشى سۆزلىرىنى
ۋە مېھرى شەپقەتلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشمەكتە
ئىدى. شۇ كۈنى بىر رۇس بوۋايمۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
دەرۋازىسى ئالدىدا يىغلاپ يۈرەتتى. تولا يىغلاپ ئۇنىڭ قاپاق-
لىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ پات - پاتلا ئۆزىنى ئوراپ
تۇرغان كىشىلەرگە كونا بىر ئاماكا خالتىسىنى كۆرسىتىپ،
مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەيتتى:

1948 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. دېھقان
ئاندىرى بوۋاي ئۆزى تېرىغان تاۋۇزلاردىن بىر ھارۋا ئېلىپ
بازارغا كېتىۋاتاتتى. ئەمما يولدىكى بىر پاتقاقتا ئۇنىڭ ئىككى
ئات قاتقان پىرىشكا ھارۋىسى پېتىپ قالدى. ئۇ ئاتلىرىنى ھەر-
قانچە دېۋىتىپ، قامچىلاپ باقسىمۇ بولمىدى، ئەمدى قانداق
قىلغۇلۇق؟ بازارنىڭ ۋاقتى كەتسە تاۋۇزلارنى يەنە قاي-
تۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ يېنىغا
ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىككى كىشى پەيدا بولۇپ قالدى.

— ھوي، ھارۋىڭىز پېتىپ قاپتىمۇ نېمە؟ — ئادەتتىكى
كىيىمنى كىيگەن ئوتتۇرا بويلۇق كىشى ئاندىرى بو-
ۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ رۇس تىلىدا تولۇق تەلەپپۇز بىلەن
ئاخۇت سورىدى. — نەگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتىڭىز بۇ تاۋۇزلارنى؟
ھال

— ئىسمىم ئاندىرى. جاغىستاي يېزىسىدا قوغۇنچىلىق قى-

بىي بۇلۇڭىغا شىنجاڭنىڭ يەر شەكلىنى چۈشۈردى ـ دە، سۆزىـ
نى داۋام قىلدى:
ـ مانا بىز مۇشۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ياشايمىز. بۇ ئۆلـ
كىمىزنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىلىيون 700 مىڭ كۋادرات
كىلومېترغا توغرا كېلىدۇ. تەڭرى تېغى بەئەينى قىران يىگىتنىڭ
بېلىدىكى كۈمۈش بەلباغقا ئوخشاش، پۈتۈن شىنجاڭنى ئىككىگە
بۆلۈپ تۇرىدۇ، ـ ئۇ، ئۆزى چۈشەندۈرمەكچى بولغان ھەربىر
ئورۇننى خەرىتىدىكى ئورنى بويىچە دوسكىغا چۈشۈرۈپ سۆزلەيتتى، ـ
ئۆلكىمىزدە يەنە بىر ـ بىرىدىن مەشھۇر ئالتاي، قاراقۇرۇم،
كۇئېنلۇن تاغلىرى بار. تارىم، ئېرتىش، ئىلى دەريالىرى دۇنياغا
مەشھۇر. تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى دۇنيا مەدە-
نىيىتىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان سىرلىق ماكانى بولۇپ ياتماقتا.
لوپنۇر، سايرام، باغراش كۆللىرى ـ ئۆلكىمىزنىڭ تۈگىمەس
بايلىق غەزىنىلىرى. تاغ ـ دەريالىرىمىزدىكى دەل ـ دەرەخلەر،
يەر ئاستىدىكى كۆمۈرلەر نەچچە مىڭ يىل ئىشلەتسەكمۇ تۈگى-
مەيدۇ. يەر ئاستى بايلىقلىرىمىزدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس،
قوغۇشۇن ۋە تېخى ئېنىقلانمىغان بايلىقلار بىزنىڭ ئېچىپ پاي-
دىلىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. يېقىندا بىز مايتاغ نېفىتلىكىنى
ئاچتۇق. بۇ نېفىت بىلەن بىزنىڭ سانائەت ئىشلىرىمىز ئۇچقان-
دەك تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ بايلىقلارنى بىز جۇغراپىيىنى ـ
ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاچالايمىز.
ـ بالىلىرىم، جۇغراپىيە دەرسى ـ ۋەتەنپەرۋەرلىك دەر-
سى! ئۇنى ئۆگەنگەنسىرى ئانا ۋەتەنگە بولغان مېھرى ـ مۇھەب-
بىتىڭلار شۇنچە ئاشىدۇ.
ئۇ بۇ دەرسنى شۇنداق سالماق بىلەن ئاجايىپ چۈشىنىش-
لىك قىلىپ سۆزلىدىكى، پۈتۈن ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئۆز
ھەمراھلىرىمۇ ئاغزى ئېچىلىپ قالغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن بېرىلىپ تىڭشىدى.

ئىككىمىز چاقنى ئىتتىرىمىز. بۇ قارا سۇ بىزنىڭ كۆچىمىزنى بىر كۆرۈپ قويسۇن.

ئۇ چاقچىقنىڭ ئاخىرىسىدا «قانداق؟» دېگەندەك ئاندىرى بوۋايغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇ بوۋاي بولسا ئىككى سائەتتىن بېرى ئۆز ئىشىنى تاشلاپ، بېلىگىچە سۇ كېچىپ خالىسانە ئىش قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى ئويلاپ ھەيران ئىدى.

ئۇلار ھارۋىنى ئاخىرى پاتقاقتىن چىقاردى. ھارۋىنىڭ پاتقاقتىن چىققىنى، لېكىن، بۇ ھارۋىنى چىقىرىپ بەرگەنلەر بولۇپمۇ ئاۋۇ چاقچاقچى ئۇۋچى كىم بولدۇ؟ ئاندىرى بوۋاي قېلىن، سېرىق ساقاللىرىنى سىلاپ ھېلىدىن - ھېلىغا بۇ ئاخۇت كىيىمىنى كىيگەن كىشىگە «سىز كىم؟» دېگەندەك تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇ بىرئازدىن كېيىن ئېسىگە كەلگەندەك بولدى - دە، يىگۈرۈپ بېرىپ ھارۋىدىن ئىككى تاۋۇز ئېلىپ كەلدى.

— قېنى، تاۋۇز يەڭلار! — دېدى ئۇ ئىككى تاۋۇزنى ئوتتۇرىدىن تۆتكە بۆلۈپ.

ھېلىقى ئاخۇت كىيىمى كىيگەن چاقچاقچى كىشى ئەمدى تاۋۇز يەپ ئولتۇرۇپ تولىمۇ تەمكىن ۋە سەممىيلىك بىلەن ئاندىرى بوۋاينىڭ ئۆي ئىچى، بالا - چاقىسى، تۇرمۇش ئەھۋالى، دېھقانچىلىق كىرىمى ھەمدە ھازىر نېمە قىيىنچىلىقى بارلىقىنى سورىدى. ئاندىرى بوۋاي تېرىكچىلىكىنىڭ قەدرى - ئەھۋال ئۆتتۈۋاتقانلىقىنى، لېكىن بۇ يېزىدا باللار ئوقۇغۇدەك مەكتەپنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتى.

— راست، — دېدى ئاخۇت كىيىمنى كىيگەن كىشى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز يېتىشمەيدۇ، دېھقانلارغا بېرىۋاتقان ياردىمىمىز ئاز. يوللىرىمىز مانا مۇشۇنداق ناچار. كومىتېتىمىز بۇنداق يېتىشسىزلىكلەرنى ئاس

لىمەن. بۇ تاۋۇزلارنى چاي - تۇزغا لايىق بىر نېمە چىقىپ قالارمىكىن دەپ بازارغا ئېلىپ كېتىۋاتقانىدىم، بۇ يەرگە كەلگەندە ھارۋا پېتىپ قالدى، — دېدى بوۋاي.

— مانا بىز كەلدۇق، ئەنسىرىمەڭ، — ھېلىقى كىشى شۇنداق دېدى - دە، يېنىدىكى ھەمراھىغا قاراپ ئۇيغۇرچە دېدى، — قېنى رۇستەم، كۈچىڭىزنى بىر كۆرسىتىڭا بۈگۈن!

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ھارۋىنىڭ ئوڭ ياندىكى چاقىنى مۈرىسى بىلەن يۆلەپ تۇرۇپ «ھە، ھۇ» دەپ ئالدىغا ئىتتىرىشكە باشلىدى. رۇستەممۇ نېرىقى چاققا ئۆتۈپ تۈگۈلۈپ تۇرۇپ كۈچىمەكتە ئىدى. بوۋاي بولسا ھارۋا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاتلارنىڭ بوجىسىنى سىلكىپ، قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئاتلارغا ھەيۋە قىلاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار بىر ھازا كۈچەپمۇ ھارۋىنى پاتقاقتىن چىقىرالمىدى.

شۇ ئەسنادا جاغىستاي تەرەپتىن يېڭى ھەربىي فورما كىيگەن بىر ئاتلىق كىشى چۈشۈپ كەلدى.

— مانا، مانا، يەنە بىر ھەمراھ كەلدى، — دېدى ھېلىقى ئاخۇت كىيىمى كىيگەن كىشى بۇ ئاتلىقنى كۆرۈپ. ئۇ يۈزىدىكى سۇ تامچىلىرىنى سۈرتىۋېتىپ چاقچىقىنى داۋام قىلدى. — ياش كەلسە ئىشقا، قېرى كەلسە ئاشقا دەپتىكەن قاراڭ.

ياش ئوفىتسېر بۇ ئاخۇت كىيىمى كىيگەن كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەربىي تەرتىپ بويىچە سالام بېرىپ، ھۆرمەت بىلدۈردى - دە، دەرھال سۇغا چۈشمەكچى بولدى. لېكىن، ھېلىقى ئاخۇت كىيىمى كىيگەن كىشى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەربىي فورمىلارغا بىر قۇر قاراپ قويۇپ:

— بولدى، بولدى، سىز ئېتىڭىزنى ئاتلارغا يانداڭ - دە، ئاندىرى بىلەن ئىككىڭلار ئاتلارغا مەسئۇل بولۇڭلار. رۇستەم

سوم پۇل پارقىراپ تۇراتتى. ھارۋىدىكى تاۋۇز ئۇستىدە يەنە بىر جۈپ قىرغاۋۇلمۇ تۇراتتى. تەمتىرەپ قالغان بوۋاي ھارۋىغا ياندىۋ قىلىپ قېتىلغان ئېتىنى يېشىۋاتقان ئوفىتسېرگە «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەندەك تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى.

— سىز ئۇ كىشىنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئوفىتسېر، — ئۇ رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ئەمەسمۇ؟

ئاندىن بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ھاياجان ياشلىرى ئۇنىڭ سېرىق ساقىلى ئارىسىدىن ئۆتۈپ كۆكسىگە چۈشمەكتە ئىدى.

رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بۇ پۇل بىلەن ئىككى قىرغاۋۇلنى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بولسۇن دەپ قويۇپ كەتتىمۇ ياكى بايا يېگەن تاۋۇزنىڭ ھەققى ئۈچۈنمۇ؟ بوۋاي بۇنى قانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئەگەر بۇ نەرسىلەر تاۋۇزنىڭ ھەققى ئۈچۈن بولغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تارتقان جاپاسىنىڭ بەدىلىگە نېمە دېگۈلۈك؟

## بىز نېمىشقا «ئىتتىپاق» قۇردۇق

1948 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى «ئىتتىپاق» نىڭ مەسئۇل كادىرلىرى چوڭ زالغا يىغىلىشقا باشلىدى. ھەممە ئادەم مۇھىم بىر يىغىننىڭ بارلىقىنى بىلىسىمۇ، ئەمما نېمە توغرىسىدىكى يىغىن ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ناھايىتى ئالدىرايتتى.

ئادەملەر تېخى تولۇق يىغىلىپ بولمايلا چوڭ زالغا بېغىرەڭ مانچېستىر دوپپا، كۆك رەڭ كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن ئەخمەتجان قاسىمى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدە گېنېرال ئىسھاقبېك، دەلىلقان ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار بار ئىدى.

تا ـ ئاستا ئۆزگەرتىدۇ. پات ئارىدا بۇ يوللارنى تاشيول قىلىپ ياسايمىز. ئۇلى دەرياسىغا زامانىۋىلاشقان ئاسما كۆۋرۈك سالىمىز.

شۇ ئارىدا شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان كۆك پىكاپ ئۇلارغا يېقىنلاپ قالغانىدى.

— تاماكا خالتىڭىزنى ئەكېلىڭا، سىزنىڭ موخوركىڭىزدىن بىر ئورام چېكىپ كۆرەي، — دېدى ئاخۇت كىيىمى كىيگەن كىشى ئاندىرى بوۋايغا. ئۇ سۆزلەۋېتىپ تۆش يانچۇقىغا قولىنى سالغانىدەك بولدى. ئاندىرى بوۋاي سەل كونىراپ قالغان موخوركا خالتىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزارتتى. ئۇنىڭ كۆزى بىر ئاخۇت كىيىمى كىيگەن كىشىگە تىكىلسە، بىر يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كۆك پىكاپقا تىكىلەتتى.

كۆك پىكاپ ئۇدۇل ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، شوپۇر پىكاپتىن چۈشۈپ ئاخۇت كىيىمى كىيگەن ئادەمگە سالام بەردى.

— يولداش ئاندىرى، — دېدى ئاخۇت كىيىمى كىيگەن كىشى بوۋاينىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، — بىزنى ئۆزىڭىز تېرىغان تاۋۇز بىلەن ئوبدان مېھمان قىلدىڭىز. ئۆز قولىڭىز بىلەن تېلىغان تاۋۇزىڭىز بەكمۇ تېتىدى. خەير ـ خوش!

ئاندىرى بوۋاي تەمتىرەپ قالدى. ئۆزىگە شۇنچە كۆپ ياردەم بېرىپ، يەنە بىر تالاي رەھمەت ئېيتىۋاتقان كىشى زادى كىمدۇ؟.. بوۋاي نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قوللىرى، لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى. ئۇ شۇ ھالىتىدە ئۇزاپ كېتىۋاتقان كۆك پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن بىر ھازىرغىچە قاراپ تۇردى. كېيىن ئۇ قولىنى موخوركا خالتىسىغا قانداق سالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ چۆچۈگەندەك قىلىپ خالتىدىن قولىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ قولىدا ئون

XVII ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستاننى مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇردى. ئىنگلىزلارنىڭ ھىندىستاننى بېسىۋېلىشتىكى ئاكتىپ ھۇجۇمى بىر بەگنى ئىككىنچى بىر بەگكە قارشى قۇتراتىپ، بىرسىگە ياردەم قىلىپ، يەنە بىرسىنى يوقىتىش بولدى. ئىنگلىزلار ھىندىستان خەلقىنىڭ بىرلىشىشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن، ھىندىستاننى نۇرغۇن بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تاشلىدى. ئىنگلىزلار ئۆزى بىۋاسىتە 16 ئۆلكىنى ئىدارە قىلدى. بۇ ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ھىندىستان خەلقى نۇرغۇن قېتىم قوزغىلىپ، ئىنگلىزلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. لېكىن ھىندىستان خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن قىلغان كۈرەش تارىختىكى مىسالى تاغدەك دۆۋىلەنگەن يۈك بولۇپ، ئۇنى ئەشمىگىچە ئارغامچا بولالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستان خەلقىمۇ ئىنگلىزلارنىڭ ھىلە - مىكىرلىرىگە قارشى بىرلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا ئېلىشقا ئىنتىلمەكتە. باشقا مۇستەملىكە ئەللەرمۇ جاھانگىرلارغا قارشى كۈرەشتە ئۆزئارا بىرلىشىشكە يۈزلەنمەكتە!

ئەمدى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا بىرئاز توختىلايلى: بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن بىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ۋەكىل① بولۇپ بارغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇداپىئە بۇجاڭى بەي زۇڭشى دوكلات قىلغانىدى. ئۇنىڭ دوكلاتىچە گومىنداڭنىڭ ئارمىيە سانى ئۈچ مىليون، كومپارتىيىنىڭ ئارمىيە سانى بىر مىليون ئىكەن، كومپارتىيە ئارمىيىسىگە قورال يېتىشمەيدىكەن. گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئىسكىلاتلىرىدا

① 1947 - يىلى 1 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى قۇرۇلتايغا بارغان. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش كىشى ۋەكىل بولۇپ بارغانىدى.

كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قىزغىن چاۋاك چالدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كۆپچىلىككە قول ئىشارىسى قىلىپ سەھنىگە چىقتى. ئۇ سەھنىگە چىقىپ ئالدى بىلەن كۆپچىلىككە سالام بەردى. كۆپچىلىك چاۋاكنى تېخىمۇ قاتتىق چېلىپ زالنى تىترىتىۋەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى گويا بۇ ئالقىشلاردىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك «بولدى قىلىڭلار» دېگەن مەنىدە قول ئىشارىسى قىلاتتى. ئاخىرى زال جىمجىتلىققا چۆكتى.

— يېقىندا بىر قىسىم كىشىلەر بىزگە خەت ۋە ئېغىزچە «نېمە ئۈچۈن ئىتتىپاق قۇرىمىز، قاچانغىچە ماناس بويىدا تۇرىمىز، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى تېزرەك ئازاد قىلساق بولمامدۇ؟» دەپ سوئال قويدى، — ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز سۆزىنى ئەنە شۇنداق سەمىمىي ۋە تەمكىن باشلىدى. — ئالدى بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەي: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان گېرمانىيە ۋە ياپون مىلىتارىستلىرى تامامەن مەغلۇپ بولۇپ، خەلق تەرىپىدىن ئەخلەت قاتارىدا سۇپۇرۇپ تاشلاندى. لېكىن ئەنگلىيەلەر بۇرۇن بېسىۋالغان بارلىق مۇستەملىكە ئەللىرىنى «بىزنىڭ يېرىمىز» دەپ مەڭگۈ مۇستەملىكە قىلىشقا تىرىشماقتا... شۇنداق بىر كىچىككىنە مەملىكەت نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق بېسىم بىلەن ئۆزىدىن باي، نوپۇسى ۋە يېرى كۆپ جايلارنى «ئۆزىنىڭ» قىلىۋالدى؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يالغۇز ھىندىستاننى مىسالغا ئالساق كۇپايە قىلىدۇ. ھىندىستاننىڭ يەر مەيدانى ئۈچ مىليون كىۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن بولۇپ، ئەنگلىيەلەرنىڭ ئۆز يەر مەيدانىدىن 12 ھەسسە ئارتۇق كېلىدۇ، نوپۇسى 309 مىليون بولۇپ، ئەنگلىيەلەرنىڭ نوپۇسىدىن سەككىز ھەسسىدىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. ئەنگلىيەلەر

ئەخمەتجان قاسىمى شۇئار بېسىقىشى بىلەنلا يەنە سۆز-
نى داۋام قىلدى:

— ئەمدى ئۆز ئەھۋالىمىز ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتەي: ئۈچ ۋىلايەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇمىغا چىدىماي 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىلىدا ئىنقىلاب باشلىدى. ئۆزىنى شۇنداق تەڭداشسىز ھېسابلايدىغان گومىنداڭچىلار بىر يىلغا قالمايلا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ۋەيران بولۇپ قاچتى. كېيىن «بىتىم تۈزۈپ ئۆلكىنى تەڭ سورىساق» دېدى. بىزنىڭ مەقسىدىمىز يۇرت سوراش ئەمەس — ئادالەت بىلەن باراۋەر ياشاش ئىدى. بىزمۇ ئۇلارغا يۇرتقا ئادالەتلىك بىر تۈزۈم ئورنىتىش، ھەممە مىللەت باراۋەر ياشاش، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىنى قويدۇق. ئۇلار ئاكتىپ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇرۇش توختىتىپ «11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىمزالاپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردۇق. بۇ بىتىم تولۇق ئىجرا قىلىنسا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى ئورۇنلاتتى. لېكىن گومىنداڭ بىزنى ئالداپ كەتتى. ئۇلار ئازراقلا كۈچلىنىۋېلىپلا «11 ماددىلىق بىتىم» نى بۇزدى. بىز ئاخىر يەنە غۇلجىغا قايتتۇق. ئۇلار بىزگە شۇنچە چېقىلسىمۇ، بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىدۇق. بۇ يەردە يېڭىلىپ قالارمىزمىكىن دېگەن ئەندىشە يوق. سەۋەب شۇكى، بىز دۇنيا خەلقىنىڭ بىر قىسمى. بىز دۇنيا ئەھۋالىنى ئېتىبارغا ئالماي تۇرالمايمىز. دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدە ئېتىلغان زەمبىرەك ئاۋازى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا بىز دۇنيا خەلقى بىلەن تىنچلىق ئىزدەپ ماناس دەرياسىدىن ئۆتمىدۇق. ئۇرۇشنى داۋام قىلىش، ئاگەر تەۋەككۈلچىلىكنىڭ دەتتىكامى ئىدى. بىز خەلقىمىزنىڭ تەقدىرىنى دەتتىكامغا تاشلاپ قان تۆكۈشنى خالىمىدۇق. ئۈنىڭسىزمۇ بۇ زەھەرلىك يىلانىڭ ھالاكىتى تېز-

بولسا قوراللار زاپاس ئىكەن. گومىنداڭ ھەربىي شتاب باشلىقى جىڭ چىڭ دېگەن كىشى قۇرۇلتايغا دوكلات بەرگەندە: «بىز كومپارتىيە بىلەن كېلىشىمدۇق... ئۇلارنى تېز يوقىتىمىز دېسەك، سەككىز ئايدا ياكى بەش ئايدا يوقىتىمىز ... » دېگەنىدى.

بىز شۇ چاغدا يەنە كومپارتىيىنىڭ ئارمىيە باشلىقى جۇ دې دېگەن كىشىنىڭ ئامېرىكا مۇخبىرىنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابىغا قاراپ ھەيران قالغان ئىدۇق. ئامېرىكا مۇخبىرىنىڭ: «ئامېرىكىنىڭ گومىنداڭغا ياردەم بېرىشىگە قانداق قارايسىز؟» دېگەن سوئالىغا جۇدې ئەپەندى: «ئالقىشلاپ قارشى ئالىمىز...» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. مۇخبىر: «بۇ غەلىتە گەپقۇ؟ ئامېرىكا گومىنداڭغا ياردەم بېرىۋاتقان تۇرسا، سىز قانداق قارشى ئالىسىز؟» دەپ سورىسا، جۇ دې ئەپەندى يەنە: «بىزدە قورال كەمچىل، ئامېرىكا گومىنداڭغا قورال ئەكېلىپ بەرسە، تارتىۋېلىپ بىز قوراللىنىمىز» دېگەن ئىكەن. ھازىر شۇ گەپلەر بولۇپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. ئەمدىكى رادىئو خەۋەرلىرىگە قارىغاندا كومپارتىيىنىڭ ئارمىيە سانى 3 مىليونغا يېتىپ، گومىنداڭنىڭ ئارمىيە سانى 1 مىليونغا چۈشۈپ قاپتۇ. جۇڭگونىڭ شەرق تەرىپى ۋە شەرقىي شىمالىي پۈتۈنلەي قولدىن كېتىپتۇ. كومپارتىيە شەرقىي جەنۇبنىڭ بىر قىسمىغىمۇ كىرىپ بولۇپ، گومىنداڭ بىر بۇلۇڭغىلا تىقىلىپ قاپتۇ. مانا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى شۇنداق. خەلق دۈشمىنى گومىنداڭ ھەممە يەردە خەلق كۈچلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاندەك ئۇر - ئۇرغا قالماقتا.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەنلا ئامما گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭراتتى ھەمدە ئارقا - ئارقىدىن «يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى!» دەپ شوئار تۈۋلىدى.

خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇردۇق. بۇ «ئىتتىپاق» بىزنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرەشكە چاقىردى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ «ئىتتىپاق»-نىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشايلى. بىر تال تاياقنى سۇندۇرماق ئاسان، ئەمما بىر باغلام تاياقنى سۇندۇرماق تەس. ھەرقانداق دۈشمەن ئىتتىپاقلاشقانلارنى يېڭەلمەيدۇ. بىزنى ئۇزۇندىن بېرى چېقىپ كەلگەن زەھەرلىك يىلاننىڭ ئىچكىرى ئۆيدىكى چوڭ بېشى ئۈزۈپ يانجىۋېتىلدى. شىنجاڭدىكى پىلتىڭلاپ تۇرغان بېشىنىمۇ پات ئارىدا يەرلىككە دەپنە قىلىمىز. مۇشۇ «ئىتتىپاق» بىلەن قان تۆكمەيلا ماناستىن ئۆتۈپ ھەممە يەرگە بارىمىز، تولۇق ئازاد بولىمىز.

زالنى بىردىنلا «ھۇررا» ئاۋازى قاپلاپ گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ھەممە ئادەم «ئىتتىپاق» نىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندى ۋە قايىل بولدى.

## خاسىيەتلىك ھېكايە

1948 - يىل كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى چۈش مەزگىلىدىن قايرىلغان چاغ ئىدى. بورتالا تەرەپتىن ئارشاڭغا كېتىۋاتقان بىر كىچىك ماشىنا بىر مەھەللىگە كېلىپلا بۇزۇلۇپ قالدى. بۇ ماشىنىدا شوپۇردىن بۆلەك يەنە ئىككى كىشى ئولتۇراتتى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ ماتورنى خېلى ئۇزۇن كوچىلىرى لېكىن چاتاقنى تاپالمىدى. شۇ ئارىدا ماشىنىدىكى ئىككى ئادەممۇ پەسكە چۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مانچىستىر دوپپىلىق كىشىمۇ شوپۇرغا ھەمكارلىشىپ ماشىنىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇمۇ خۇددى پېشقەدەم شوپۇرلاردەك بەزى بولتا، ۋىنتلارنى بوشىتىپ، چىڭىتىپ باقاتتى. ئاخىرى شۇ كىشى ماشىنىدىكى

لەشەرگەندە. شەرقتە بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بۇ زەھەرلىك يىلاننىڭ بېشىنى دەسسەپ چەيلىمەكتە. يىلاننىڭ شىنجاڭدىكى قۇيرۇقى پات ئارىدا ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. بۇ دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز.

ئەخمەتجان قاسىمى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يىغىن زالىنى يەنە گۈلدۈراس ئالقىشلار قاپلاپ كەتتى، بۇ ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ ھالاكىتىنى ئاڭلاۋاتقان خەلقنىڭ شادلىق ئالقىشى ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— بىز ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز غەلىبە مېۋىلىرىمىزنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېڭى كۈرەشكە تەييارلىنىش. پۈتۈن دۇنيا مەزلۇم ئەللىرىنىڭ كۈرەش تەجرىبىسى شۇ ئەللەردە مۇستەھكەم بىرلىكسەپ بولمىغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىزدىمۇ پولاتتەك ئىتتىپاقلىققا ئىگە بولغان بىر تەشكىلات بولۇشى كېرەك.

— بىز بىتىم قىلدۇق، ئۇرۇمچىگە ۋەكىللىرىمىزنى ئەۋەتتۇق. ئۇرۇمچىدە ئىتتىپاق بىلەن باغلانغان تەشكىلاتىمىز بولمىغاچقا، يالغۇز ئابروي بىلەن ئىش ئېلىپ باردۇق. بۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلقىمىزنىڭ ئابرويى ئىدى. ئەمدىكى بىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىمىز — ئەركىن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئوچۇق-پروگراممىلىق ئاممىۋى تەشكىلات خاراكتېرىدە ئۆز - ئۆزىدىن ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن ئايرىم تەشكىلاتلارنى ۋە ئومۇمىي خەلقىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ — پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ھەرىكەت بىرلىكىنى تەمىن قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە

موڭغۇل ئايال چايغا ئوت قالاپ، تاۋىغا نان سالدى. مېھمان چاي قاينىغىچە ھېلىقى كۆتەكنى يېرىپ بولدى. شۇ ئارىدا دەريا تەرەپتىن بىر قورۇ قوي مەرىشىپ كىگىز ئۆيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. كۈنپېتىش ئالدىدا بۇ يالغۇز كىگىز ئۆيىنىڭ ئالدى شۇنچىلىك ئاۋاتلىشىپ كەتتىكى، قويلار بەس - بەس بىلەن مەرىشەتتى. سىيىرلار موزايلىرىنى ئىزدەپ سوزۇپ - سوزۇپ مۆرىشەتتى، ئاتلار كىشنەيتتى، تۆگىلەر بوزلايتتى...

مېھمان قوي بېقىپ يانغان ئېگىز، ئاق - سېرىق كىشىگە ھەمكارلىشىپ قويلارنى قورۇغا ھەيدىدى. ئۇلار قويلارنى سولاپ، ئاتلارغا چېدىر① سېلىپ بولۇپ تۇرۇشىغا شەھەر تەرەپتىن ھېلىقى كىچىك ماشىنا چىقىپ كەلدى. تېخى ماشىنا كۆرۈپ باقمىغان موڭغۇل باللىرى ماشىنىنىڭ ئالدىغا چاپتى. مانچېستىر دوپپىلىق كىشىمۇ ماشىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپلا كابىنكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى. ھېلىقى قويچىمۇ ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ مېھمانلار بىلەن سالاملاشتى - دە، ئۇلارنى كىگىز ئۆيگە باشلىدى. ئەمما ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە مېھمانلار مانچېستىر دوپپىلىق كىشىنى ئالدىدا مېڭىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۆي ئىگىلىرى بولسا كېيىنكى ئىككى مېھمانىنى ئالدىدا مېڭىشقا زورلايتتى، ئەمما مېھمانلارنىڭ زورلىشى بىلەن ئاخىر مانچېستىر دوپپىلىق كىشى ئۆيگە ئالدىدا كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. چاي قۇيغاندىمۇ باشقىلار ئۇنى شۇنداق ھۆرمەتلىدى. ئۆي ئىگىسى بۇ ئىشتىن ناھايىتى ھەيران بولدى - دە، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىنلا سورىدى:

— سىز كىم بولىسىز؟ نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتىسىز؟

مانچېستىر دوپپىلىق كىشىمۇ ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— ئىسمىم ئەخمەتجان، بورتالادىن ئارشاڭغا كېتىۋاتىمەن.

---

① چېدىر — ئاتلارنى چۇشەپ قويىدىغان ئۈچ پۇتلۇق چېتىق.

چاتاقنى تاپتى. ماشىنىنىڭ ماي يولىنىڭ كاربىراتورىدىن چاتاق چىققانىدى. شۇنىڭ بىلەن كاربىراتورنى چېقىۋېتىپ ئوڭشاشقا توغرا كەلدى.

شوپۇر جىددىي رېمونت قىلىشقا باشلىدى. بۇ رېمونت بىر سائەتسىز تۈگىمەيتتى. مانچېستېر دوپپىلىق كىشى ماشىنا ئەتراپىنى بىرئاز چۆگىلەپ زېرىكتى بولغاي، ئالدى تەرەپتىكى بىر كىگىز ئۆيگە قاراپ ماڭدى. كىگىز ئۆي ئالدىدا بىر موڭغۇل ئايال يوغان بىر پالتا بىلەن ئىنجىقلاپ پۇرۇپ ئوتۇن يېرىۋاتاتتى.

يۇڭلۇق ئىككى ئىت مانچېستېر دوپپىلىق كىشىنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ قاۋاشقا باشلىدى. ھېلىقى كىشى بولسا ئىتلارغا پىسەنتمۇ قىلماستىن ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى. شۇ ئارىدا ئوتۇن يېرىۋاتقان موڭغۇل ئايالمۇ پالتىنى يەرگە قويدى - دە، ئىتلارنى قوغلاپ مېھماننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئادەتتە كەچ قالغان مۇساپىر ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق يالغۇز - يېرىم يېتىپ كېلەتتى. ئاق كۆڭۈل موڭغۇل خەلقىنىڭ ئىشىكى بۇنداق مۇساپىرلارغا داۋاملىق ئوچۇق ئىدى. موڭغۇل ئايال بۇ مانچېستېر دوپپىلىق كىشىنىمۇ ئەنە شۇنداق بىر مۇساپىرغۇ دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى قىزغىن ئامانلاشتى. ئاندىن ئۆي ئىگىسى مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئەمما مېھمان ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ موڭغۇل ئايالغا:

— ئاياللارغا ئوتۇن يېرىش ئېغىر كېلىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ قارىياغاچنىڭ كۆتىكى ئىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى - دە، پالتىنى قولىغا ئېلىپ بۇ يوغان كۆتەكنى يېرىشقا تۇتۇندى. موڭغۇل ئايال بۇنىڭغا ئانچە تۈزۈت قىلىپ كەتمىدى، ئادەتتە كەچ قالغان يولۇچىلار ئۆي ئىگىسىنى قوندۇرماي قالارمىكىن دەپ ئەنە شۇنداق خەيرلىك ئىشلارنى قىلاتتى.

— بولغا، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە خۇداي قونا‍ق كەلدى. چاقىقان داستىخان تارت، مەن تاي ئۆلتۈرىمەن.

دورژا ئالدىراپ تالاغا ماڭدى. ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى - دە، بىر قوڭۇر تاينى يەرگە باسماقچى بولۇۋاتقان دورژانى تۇتۇۋالدى.

— بايا، ئايالىڭىز بىلەن مۇڭداشتىم، ئارانلا بىر قۇلۇنلۇق بايتىلىڭىز، ئىككى سېغىن سىيىرىڭىز، بىر ئۆكۈز، ئون قويىڭىز بار ئىكەن. باي بىر قورۇ قوينى باققىنىڭىزلار ئۈچۈن يىلىغا ئۈچ① چارەك بۇغداي، ئون چارەك قوناق، يەتتە چارەك تېرىق بېرىدىكەن. قالغىنىغا گۆشنى قوشۇمچە قىلىپ كۈن ئالىدىكەنسىزلەر، بىر مېھمان ئۈچۈن بىر تاي سويسىڭىز نېمە توشايدۇ، بىز ئۇيغۇرلاردا «ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ، دوستۇڭغا شۇنى بەر» دېگەن گەپ بار. سىلەر نېمە يېسەڭلار بىزمۇ شۇنى يەيمىز.

— بىز موڭغۇللاردا «ئەڭ ئېسىل نەرسەڭنى دوستۇڭغا بەر» دېگەن گەپ بار رەئىس ئاغا. ھازىر مېنىڭ ئەڭ ئېسىل نەرسەم مۇشۇ تاي، — دېدى دورژا كەسكىن قىلىپ.

— مەن ئۆز نەپسىم ئۈچۈن ھەرگىزمۇ دوستلىرىمنى قىيىنچىلىققا سالمايمەن. بۇ تاي كېلەر يىلى مېنىڭكە يارايدۇ، چارۋىچىلار ئاتتىن ئايرىلسا قوش قانىتىدىن ئايرىلغاندەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مېنى بۈگۈن ئاۋۇلىڭىزدا قونسۇن دېسىڭىز ئۆيىڭىزدە بارنى تەڭ يەيلى. تاي سويىمەن دېسىڭىز، ھازىرلا ئارشاڭغا مېڭىپ كېتىمىز، يا دوستىڭىزغا تۇرۇڭ، يا تايغا...

دورژا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كېتىمىز دېگىنىنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قالدى. شۇ ئارىدا ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ قولىدىكى قوڭۇر تاينىڭ تانىسىنى ئالدى - دە، ئۇنى يېشىپ قويۇۋەتتى.

---

① چارەك ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى — 16 جىڭ.

— بۇ كىشى رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بولىدۇ، — دېدى شوپۇر ئالدىراپلا گەپكە ئارىلىشىپ، — ماۋۇ كىشى كاتىپى، مەن شوپۇرى بولىمەن. ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىپ، بىز ئوڭشىغىچە بۇ كىشى بۇياققا كەپتۇ.

ئۆي ئىگىسىمۇ، ئايالىمۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى، بايا ئۇنىڭغا يوغان بىر كۆتەكنى يېرىپ بەرگەن، قويلارنى قورۇغا ھەيدەشكەن ئاشۇ كىشى راستلا رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىمۇ؟ ئۇلار مۇشۇ ئۆمرىگىچە پۇقرالارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىدىغان ئەمەس، ھەتتا ئۆيلىرىگە كىرىپ ئۆتىدىغان ئامبال - دوتەيلەرنىمۇ كۆرمىگەنىدى.

— سىز راستلا ئەخمەتجان قاسىمى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۆي ئىگىسى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي.

مانچىستىر دوپپىلىق كىشى بىر ئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ، تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى - دە، شۇنداق دېدى:

— بورتالا ئاجايىپ ياخشى زېمىن ئىكەن. بورتالا دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەم دېھقانچىلىق قىلىدىغان مەيدان، ھەم مال باقىدىغان ياخشى يايلاق بار ئىكەن، ماشىنا بۇزۇلۇپ قالغان يەردىن بۇ ئاۋۇلغا كەلگىچە بولغان 200 — 300 مېتىر يەردە قېلىن چۆپلەردىن ئۆتەلمەي تېنەپ كەتتىم، قاراڭ، قويلىرىڭىز نېمىدېگەن سېمىز؟ موڭغۇل خەلقى ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان خەلق.

موڭغۇل خەلقى چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسى.

— مېنىڭ ئىسمىم دورژا بولىدۇ، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئەخمەتجاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن بىر باينىڭ قويىنى باقىمەن. مۇشۇ كۈنگىچە ئاشۇ خوجايىنىممۇ ئاۋۇلۇمغا كېلىپ باققان ئەمەس. بۈگۈن مەن سىزنى ماڭدۇرمايمەن، قوندۇرىمەن.

دورژا تالادا چاي تەييارلاۋاتقان ئايالىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

نىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى يولغا چىقتى. ئۇلار ئىككىنچى كۈنى چۈش مەزگىلىدە جىڭ ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى.

جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئۇلارنى ھاكىم ئىدارىسىدا قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە پۈتۈن خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى. ھاكىم چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن مېھمانلارنى ئىشىك ئالدىدىكى باغقا باشلىدى.

ۋەكىللەر باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇلار بىردەم ساقلاپ تۇردى. ئۇ يەنىلا كەلمىگەندىن كېيىن ھاكىم ئەنسىرەپ قالدى. ۋەكىللەرمۇ كەينىگە يېنىپ ئەخمەتجان قاسىمىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئەمما ئۇ ھېچ يەردە يوق ئىدى. شۇ ئارىدا ھاكىم بۇ ھويلىدىن ئارقا تەرەپتىكى مەكتەپ مەيدانىغا ئۆتىدىغان بىر شۇرا تامنى كۆرۈپ قالدى-دە، دەرھال شۇ تەرەپكە ماڭدى.

ھاكىمنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەن خىيال راست چىقتى. ئۇلار شۇرا تامدىن ئۆتۈپلا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەكتەپ مەيدانىدا بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئەتراپتا بولسا بىر مۇنچە بالىلارنىڭ ئۇلارغا تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ھاكىم ۋە ۋەكىللەر ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. لېكىن، ئۇ ئىككىلەن پاراڭغا ناھايىتى بېرىلىپ كەتكەچكە يېنىغا كەلگەنلەرنى سەزمىدى.

ھاكىم ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئوقۇتقۇچىنى تونۇدى: بۇ 4-سىنىپ مەسئۇلى ئابدۇرېھىم دېگەن ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئەسلى غۇلجىلىق ئىدى، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى مەكتەپ مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندە بالىلارغا تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈۋاتقان ئىكەن.

دورژا ئاخىر بىر ياقلان سويدى. شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئىككى ھەمراھى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە قونىدى. ئۇلار بىرىنى كىچىككىچە مېھمانداشتى. ئەخمەتجان قاسىمى چارۋىچىلىققا ئائىت ئىشلار ۋە ماللاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەل، ئۇنى يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى دورژىدىن سوراپ بىلىۋالدى ھەمدە دورژىغا ھۆكۈمەت پات ئارىدا چارۋىچىلارنىڭ باللىرىدىن 40 — 50 نى يىغىپ، مال دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپلا ئارشاڭغا يولۇپ كەتتى.

شۇ كۈنى بورتالا بازىرىدا: ئەخمەتجان قاسىمى بىر نامرات موڭغۇل چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپتۇ، دېگەن گەپ تارالدى. بورتالادىكى بايلاردىن بەزىلەر ئۆزلىرى شۇنچە تۇتۇۋالسا قونماي كېتىپ قالغان بۇ رەئىسنىڭ شارۋىتايىغا① بېرىپ بىر كەمبەغەلنىڭ، يەنە كېلىپ بىر موڭغۇلنىڭ ئۆيىدە قونغانلىقىغا ھەيران قالسا، يەنە بەزىلىرى بۇ ئادەم رەئىسكە لايىق ئابروينى ساقلىمايدىكەن، دەپ غودۇراشتى، ئەمما خەلق ئارىسىدا بولسا بۇ ۋەقە بىر خاسىيەتلىك ھېكايىگە ئايلاندى.

(بۇ ھېكايىنى سۇلتان ھاشىم سۆزلەپ بەرگەن)

## سىز ئاجايىپ شەرەپلىك خىزمەت ئىشلەۋاتىسىز

1948 - يىل كۈز مەزگىلى ئىدى، ئەخمەتجان قاسىمى بىر نەچچە كىشى بىلەن بىللە ئالتاي، چۆچەك، مايتاغ، شىخو

① شارۋىتاي — بورتالانىڭ غەربىدىكى بىر مەھەللە.

بىز ئاشۇلارنىڭ ۋاپاتى بىلەن مۇشۇنچىلىك خاتىرجەم كۈنگە
ئېرىشتۇق. بىز جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئۇلارنىڭ كۈرەش مېۋە-
سىنى قوغدىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىسسىق قېنى تۆككەن ئانا تۇپراق-
نى باغۇ بوستان قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ
بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز... ھەي، مۇشۇنداق بىر بەخ-
تىلىك خىزمەتتىن زارلىنىۋاتىسىزغۇ؟ قارىڭا، سىزگە تەلمۈرۈپ
تۇرغان بۇ باللارنى! ئاشۇ باللاردىن ئالىم، ئىن-
ژېنېر، قوماندان، داھىي چىقمايدۇ دېيەلەمسىز؟ سىز
ئاجايىپ شەرەپلىك خىزمەت ئىشلەۋاتىسىز. ئەگەر ئىمكانىيەت
يار بەرسە مەن ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىنى سىزنىڭ مۇشۇ خىزمىتىڭىز-
گە تېگىشكەن بولاتتىم.
ئوقۇتقۇچى ئابدۇرېھىم كۆزىگە ياش ئالدى-دە، ئالدىدا قى-
غان گەپلىرىدىن خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇلارنىڭ
يېنىدا تۇرغان بىر ۋەكىل تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى
ۋە ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى كەينىگە ئۆرۈلۈپ
ئۆز ھەمراھلىرىنى كۆردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ھاكىمنىڭ ئالدى-
غا كەلدى.
— سىز بابا بۇ يەردىكى خىزمەتلەرنى دوكلات قىلغاندا
بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا ئېيتمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇ
ھاكىمغا.
ھاكىم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
— مەن بۇنى كىچىك ئىش دەپتىمەن... ئېسىمدىن كۆتۈ-
رۇلۈپ قاپتۇ...
— شۇنىڭغا قارىغاندا سىز، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، —
مائارىپقا سەل قارايدىكەنسىز. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى
كىچىك ئىش دەيدىكەنسىز. شۇنى بىلىڭكى، بىز ئوقۇتقۇچىلارنى
ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر قاتارىدا سانىشىمىز كېرەك. ئوقۇتقۇچى —

ئوقۇتقۇچى ئابدۇرېھىم ئەخمەتجان قاسىمغا غۇلجىدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارغا ھەر ئايدا پۇل ئەۋەتىدىغانلىقىنى ھەمدە ھەر يىلى بالىلىرىنى ئېلىپ غۇلجىغا بىر قېتىم بارىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن مائاشىمۇ يەتمەي ئائىلىدە خېلىلا قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ھاكىمغا بىر نەچچە قېتىم ئىلتىماس قىلسىمۇ ھاكىم ئۆزىنىڭ غۇلجىغا يۆتكىلىشىگە يول قويمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆزىگە بىر ياردەم قىلىپ، غۇلجىغا يۆتكەپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى ۋە بىردەم خىيال سۈردى. ئاندىن ئوقۇتقۇچى ئابدۇرېھىمگە قاراپ سەمىمىلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

—يولداش ئابدۇرېھىم، ھەممە ئادەمدە ئاتا - ئانا ۋە ئائىلە بار. ئاتا - ئانىلارغا قاراش پەرزەنتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. بىز سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزغا ياخشى قارىشىڭىزنى تەشەببۇس قىلىمىز. لېكىن، ھەممىمىز سىزگە ئوخشاش بىر ئائىلىنى دەپلا مۇشۇنداق ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەشتىن باش تارتساق، مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى قانداق ھەل قىلالايمىز؟ سىزچە ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىغا بارماي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى بولمامدۇ؟ پۇل ئەۋەتىپ ھەل قىلغىلى ياكى ئالدىڭىزغا ئەكېلىۋېلىپمۇ ھەل قىلغىلى بولىدىغۇ؟ مېنىڭچە مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ئىشىنى ئاتا - ئانىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئويلاپ كۆرۈڭا، مۇشۇ جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش جېڭىدە بىزدىن نەچچە 100 ياش قۇربان بولۇپ كەتتىغۇ؟ ئۇلار قارايدىغان ئاتا - ئانىلار يوقمىدى؟ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئاتا - ئانىسى بار ئىدى. ئۇلار ۋەتەن ئانىسى ئۈچۈن ئاشۇ ئاتا - ئانىسىدىن ۋاز كېچىپ قۇربان بولدى.

# مەن هارام نەرسىنى يېمەيمەن

1949 - يىلى 7 - ئاي مەزگىلى ئىدى. ئەخمەتجان قاسى
مى ئالتاي، چۆچەك ۋىلايەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن
كەچۈرۈپ غۇلجىغا قايتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپتۇ، دېگەن خەۋەر يول
بويىدىكى ناھىيە، مەھەللىلەرگە تارقالدى. بۇ قۇتلۇق سەپەردىن
خەۋەر تاپقان بورتالا① ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى دەرھال بىر
ئۆمەك تەشكىللەپ ناھايىتى چوڭ تەييارلىق قىلدى - دە، ئەخ
مەتجان قاسىمىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۈتەيگە② كەلدى. ئەپسۇس
كى، ئۇلار ئۈتەيگە ئەخمەتجان قاسىمدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى
كېلىۋالغان ئىدى. 100 نەچچە ئادەمدىن تەشكىللەنگەن بۇ ئۆمەك
ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۈچ كۈن كۈتتى.

ئەتىگەن سائەت بەشتە كىچىك ماشىنا بىلەن جىق بازىرى
دىن چىققان ئەخمەتجان قاسىمى سائەت ئون بولمايلا ئۈتەيگە
يېتىپ كەلدى. ئۇ يىراقتىنلا بۇ بىر نەچچە ئۆيلۈك بار ئۈتەگىدە
ئۆزىنى قارشى ئېلىپ تۇرغان شۇنچە كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ تولى
مۇ ھەيران بولدى. شۇڭا ئۇ 200 — 300 قەدەم يىراقتىنلا
ماشىنىنى توختاتتى - دە، بىر نەچچە ھەمراھى بىلەن ماشىنىدىن
چۈشۈپ پىيادە ماڭدى. شۇ ئارىدا ئالدىدىكى ئادەملەر چوڭ يول
نىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆلۈندى - دە، چاۋاك چېلىپ، شوئار توۋلاش

---

① بورتالا — ئەسلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى ئىدى.
1955 - يىلى بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ ناھىيىسى قوشۇلۇپ بورتالا موڭغۇل
ئاپتونوم ئوبلاستى بولۇپ قۇرۇلدى.

② ئۈتەي — شىمالى شىنجاڭ تاشيولىنىڭ بورتالاغا بۇرۇلىدىغان يېرىدىكى
بىر ئۆتەڭ. ئۇ بورتالاغا قارايدۇ.

كىشىلەرنى نادانلىقتىن، روھىي قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان شەپقەتچى. بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشى سىزنىڭكىدىن ناھايىتى كۆپ تۆۋەن ئىكەن، مېنىڭچە، ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشى ھاكىمنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. خەير، مەن ئالتايدىن قايتىشىمدا يولداش ئابدۇرېھىمنىڭ قېيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان - قىلمىغانلىقىڭىزنى تەكشۈرىمەن. ئاۋۇ سىنىپلارنىڭ تاملىرىنى رېمونت قىلغان-قىلمىغانلىقىڭىزنى، ماۋۇ توپ مەيدانىنى تۈزلەپ ياسىغان - ياسىمىغانلىقىڭىزنى تەكشۈرىمەن...

ئەخمەتجان قاسىمى كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئوقۇتقۇچى ئابدۇرېھىمدىن غۇلجىدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئادرېسىنى يېزىۋالدى ھەمدە ئۆزى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەپ بېرىپ ھال سورايدىغانلىقىنى، ئائىلە قېيىنچىلىقى بولسا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى خاتىرجەم خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماڭلايلىرىدىن سۆيۈپ خوشلاشتى.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئابدۇرېھىم دادىسىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. دادىسى خېتىدە: ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، ھۆكۈمەتتىن ئىقتىساد ئاجراتقۇزۇپ خېلى كۆپ قېيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ قويغانلىقىنى، شۇنداقلا ئوغلى ئابدۇرېھىمنىڭ تولىمۇ شەرەپلىك بىر خىزمەت ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئابدۇرېھىمنىڭ دادىسى شۇ قېتىم ئەۋەتكەن خېتىنىڭ ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ ساددا تىلى بىلەن يەنە مۇنداق گەپلەرنى قوشۇپ قويۇپتۇ: «بالام، ئوقۇغان ئوغۇل، دادىسىدىن ئۇلۇغ دېگەن گەپ راستكەن. ئىشلەۋاتقىنىڭ ھەقىقەتەن ساۋابلىق خىزمەتكەن. بىزدىن خاتىرجەم بولۇپ ئەپەندىچىلىكىڭنى ياخشى قىل. ھەر ۋاقلىق نامىزىمدا ساڭا دۇئا قىلىمەن.»

(بۇ ھېكايىنى ئابدۇغۇپۇر ئىمىن سۆزلەپ بەرگەن)

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، ھاكىم بىلەن ئادەتتىكىدەك-لا كۆرۈشۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە ئىككى قاتار بولۇپ ئۆزىنى قارشى ئېلىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— يۇرتداشلار، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ، — چاۋاكنى توختىتىپ سەپنى بۇزۇڭلار. مەن سىلەر بىلەن ئوخشاش ئادەم. ئېنىق قىلىپ ئېيتسام، مەن سىلەرنىڭ ئادەتتىكى خىزمەتدىشىڭلار، دوستىڭلار. دوستلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا چاۋاك چېلىش ئەمەس، بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى قىسىشىپ كۆرۈشىدۇ. مانا بۇ ئەڭ سەممىي دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى. كېلىڭلار، بىز قول قىسىشىپ كۆرۈشەيلى.

ئۇ شۇنداق دەپ ئالدىدىكى ئادەملەر بىلەن بىرمۇ-بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە باشلىدى. بەزىلەرنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ چاقچاق قىلاتتى، بەزىلەرنىڭ تاتلىشىپ قالغان ياقىلىرىنى ئوڭلاپ قوياتتى. ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئالتاي-چۆچەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلگەنلىكىنى، ئۇ يەردىكى خىزمەتلەرنىڭ ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولۇۋاتقانلىقىنى، خەلق تۇرمۇشىنىڭمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقىنى ئېيتىپ ئەتراپتىكىلەرنى خۇشال قىلدى.

ھېلىقى ھاكىم يەنە قىستىلىپ يۈرۈپ ئەخمەتجاننىڭ قېشىغا كەلدى-دە، ئۇنى مەخسۇس تىكلىگەن يېڭى چېدىرغا تەكلىپ قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى جامائەت بىلەن بىللە شۇ تەرەپكە ماڭدى. ئەپسۇسكى، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا توختاپ قالدى. چۈنكى بۇ يەردە ئاجايىپ كاتتا بىر سورۇن تۈزۈلگەنىدى: يېڭىلا سويۇلغان ئون نەچچە قوزىنىڭ گۆشى ئاسقىلارغا ئېسىۋېتىلگەن، بىر چوڭ داشقازانغا پولۇ دەملەنگەن، بىرئۇستام بىر چەتتە بىر تونۇرغا سامسا يېقىۋاتقان، يەنە بىر چەتتە كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان ... چېدىرنىڭ ئىچىگە نەچچە پارچە ئۇتقاشتەك گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىدىكى داستىخاندا ھەرىيوغان ھەمەك نانلار،

قا باشلىدى. ھەيرانلىق ئىچىدە كېتىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى تازا سەپسېلىپ بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ جەڭچى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولدى: ئەجىبا، بۇلارنى كىم بۇنداق ئىشقا تەشكىللەپ يۈرىدىغاندۇ؟

ئەخمەتجان قاسىمى توپقا يېقىنلاشقاندا قارشى ئالغۇچىلار سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان سالاپەتلىك بىر كىشى خۇددى پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئەرز سۇنۇۋاتقان ئادەمدەك ماڭدامدا بىر قول باغلاپ سالام بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئادەمنى تونۇدى. ئۇ بورتالا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى.

— بەللى، بەللى، ئەسلى پادىشاھنىڭ ياساۋۇلى بولغۇدەك ئادەمكەنلا سىلى، ئەپسۇسكى، پادىشاھ يوق زېمىندا يارىلىپ قالغانلىرى يامان بوپتۇ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— پادىشاھ يوق دېمىسىلە ئەپەندىم، ئۆزلىرى قايسى پادىشاھدىن كەم ئىدىلە؟ — دېدى ھاكىم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەنە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي.

— مەن پادىشاھ ئەمەس، ئادەتتىكى ئادەم ھەم مەڭگۈ پادىشاھ بولمايمەن، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئادەتتىكى ئادەملەر قاتارىدا ياشايمەن، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى يەنە بايىقىدەكلا ئاچچىق كۈلۈپ ۋە قاتار تۇرغان بىر روتا ئەسكەرنى كۆرسىتىپ سورىدى. — بۇ جەڭچىلەرنى نېمىگە ئەكەلدىڭىز؟

— سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى دەپ...

ئەخمەتجان قاسىمى ھاكىمنىڭ سۆزىنى قىقىۋەتتى:

— گومىنداڭنى بۇ تۇپراقتىن ئاللىقاچان يوقاتقان بىز. شۇنى بىلىۋېلىڭكى، بۇ قەھرىمان خەلق بار يەردە ھېچ كىشى بىزگە چېقىلالمايدۇ!

راجىتى بىلەن زىياپەت بېرىپ يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىش خىيانەت ئەمەسمىكەن؟ بۇ ئەڭ ئاشكارا ۋە ئەڭ چوڭ خىيانەت! بۇ ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، دۆلەت قانۇنىنىمۇ چىرىتىپ، خەلقنىمۇ، دۆلەتنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ، بۇنداق ئىچىدىن يەپ تۈگىتىدىغان مىتە ھەر قانداق دۈشمەندىنمۇ خەتەرلىك!

ئۇ ھېلىقى بىر روتا جەڭچىلەر بىلەن بىر توپ ئۆمەك ئەزالىرىغا قاراپ جاراڭلىق ئاۋازدا بۇيرۇق بەردى:

— قەدىرلىك يولداشلار، ماۋۇ پىشۇرۇلغان تائاملارنى سىلەر يەڭلار. بۇ سىلەرنىڭ مۈلكىڭلار.

ئۇ كېيىنى تۈگىتىپلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماشىنىنىڭ يېنىغا باردى - دە، كابىنكىدىن بىر كىچىك ئاق خالتىنى ئالدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ بۇ ئاق خالتىسىدا نېمە باردۇر دەپ ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى. ئۇ داستىخاننىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ھېلىقى ئاق خالتىنىڭ ئىچىدىن بىر تۈمۈر تاۋاقنى ئالدى. تۈمۈر تاۋاقتا يېرىم دېگۈدەك تالقان بار ئىدى. ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ساماۋەردىن ھېلىقى تالقىنىغا چاي چۆشۈردى - دە، قوشۇق بىلەن ئېلىشتۇردى. ئاندىن بۇرۇنقى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ راھەتلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى.

— ئەپەندىم، — دېدى ھاكىم ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۈچ - تۆت ھەمراھى يالۋۇرغان ھالدا، — ئەمدى سىلىنىڭ يۈزلىرىنى دەپ ئاشۇ بورتالادىن مۇشۇ يەرگە ھەشەم قىلىپ كەپتۇق، ئازراق بولسىمۇ مەززەگە ئېغىز تەگسىلە.

ئەخمەتجان قاسىمى ئاغزىدىكى تالقاننى مەززە بىلەن يۇتۇۋەتتى - دە، ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپلا، نەچچە 1000 جاپا كەش ئەمگەكچىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن بۇ نەرسىلەرنى ئالدىمغا

ئەخسە - تەخسە سېرىق ماي، يەنە بىر چەتتە بولسا داپ، دۇتار، غىجەك، تەمبۇر، راۋاپلار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە كارامەت؟ — دەپ سورىدى ئەخمەتجان قاسىمى يېنىدىكى ئادەملەردىن.

ھەممە كىشى ھېلىقى ھاكىمغا قارىدى.

ھاكىم ناھايىتى ھۇزۇرلانغان ھالدا كۈلدى - دە، مەغرۇرلىنىپ:

— ئەپەندىم، سىزنى ئالتاي، چۆچەكتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ناھايىتى چارچىدى دەپ ئازراق ھاردۇق چىقىرايلى دېۋىدۇق ... — دېدى.

— ئەگەر جىنقراق ھاردۇق چىقارماقچى بولسىلا نېمە قىلاتتىلە؟ — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمدى ئەپەندىم، ئۆزلىرىگە بىر نېمىنى تەكلەشتۈرۈپ بولمايدۇ ... بۇ ئازغىنە نەرسىلەر لايىقىدىمۇ ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئەمدى ئاز كۆرمەي ...

— ھاكىم بۇرادەر، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى بۇ قېتىم سەل خاپا بولۇپ، — يەنە ئېيتىپ قوياي، مەن ئادەتتىكى ئادەم. مەنمۇ ئادەتتىكى ئادەملەردەك بىر كىشىلىك تاماق يەيمەن، ئادەتتىكى ئادەملەر نېمە يېسە مەنمۇ شۇنى يەيمەن.

ھاكىم شۇندىلا بۇ ئىشنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى سەزدى

ئەخمەتجان قاسىمى يەنە ھاكىمنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، بۇ نەرسىلەرنىڭ نەدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى سورىدى.

— ھۆكۈمەت خىراجىتىدىن ئەپەندىم ... بىرەر كىشىنىڭ شەخسىي مۈلكىنى يەپ خىجىل بولىدىغان ئىش يوق، — دېدى ھاكىم.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆكۈپ كەتتى. ئۇ بىر نەچچە مىنۇت شۇ ھالەتتە تۇردى - دە، غەزەپ بىلەن دېدى:

— ھۆكۈمەتنىڭ مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئۆز ئائىلىسىگە توشىغاننى خىيانەت دەيدىكەنمىزيۇ، ھۆكۈمەت خى-

## دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجا شەھىرىنىڭ خەنزۇ بازىرىدىكى خەنزۇ مەكتىپىگە پات - پات بىرىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ماتارىپ بۆلۈمىگە كېلىپ تەرجىماندىن بىرنى ئالاتتى - دە، ئاندىن بۇ مەكتەپكە قاراپ ماڭاتتى. بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ۋە قىزىقىشىنى تۇزغىدى.

دەرۋەقە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ دەسلەپكى مەزگىللەردە بىرقىسىم تار مىللەتچىلەر ئۇيغۇر مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قېقىپ يەكلەشكە باشلىدى. بىر بۆلۈك ئاممىۋ دەسلەپتە ئۇلارغا ئەگەشتى. چۈنكى، تارىختىن بۇيان يۈرگۈزۈلۈۋاتقان رالىملىق، ھۆكۈمرانلىق مەلۇم بىر مىللەت ئىچىدىكى مەلۇم تەبىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆلكىمىزگە كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈرگۈزگەن چىرىك ئاسىملاتسىيە سىياسىتى ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنى ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق كەمسىتىشى، ھاقارەتلىشى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئاساسەن خەنزۇ مىللىتىدىن بولۇشى، ئۇلارنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنى ئېزىش - بۇلاش سىياسىتى بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا خەنزۇ مىللىتى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن زۇلۇم يۈرگۈزۈۋاتقان ھۆكۈمران مىللەت دېگەن خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسىرلەردىن بۇيان ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەپ بولدى. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتىلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئايرىم كىشىلەر خەنزۇ خەلقىنى يوتۇنلەي دۈشمەن قاتارىدا ھېسابلاپ بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ چوڭ رەھبىرىنىڭ ئۆز

ئەكەلگىنىڭلار ئۇچۇنلا يېمەيمەن. بىز مۇسۇلمانلار مەكرۇ بولغان مالنىڭ گۆشىنىلا ئەمەس، كىشىنىڭ ھەققىگە كەلگەن نەرسىلەر- نىمۇ «ھارام» دەيمىز. مەن «ھارام» نەرسىنى يېمەيمەن. ھەرگىز خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمايمەن ... ئەپسۇسكى، ئىشىم ئالدىراش بولۇپ قېلىپ بورتالاغا بارالمايدىغان بولدۇم... مەن بورتالادىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلاردىن گۇمانلىنىپ قالدىم. مەن غۇلجىغا بېرىپلا بۆرتالاغا بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، بۆرتالا خەلقىدىن پىكىر ئالىمەن. سىلەرنىڭ ھېسا- باتىڭلارنى تەكشۈرىمەن. بۈگۈنكى مۇشۇ ئىشتىن قارىغاندا سىلەردە خىيانەت بار. خەلق سىلەردىن ئانچە رازى بولمىسا كېرەك.

ئەخمەتجان قاسىمى قايرىلىپ ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ خىتاب قىلدى:

— يۇرتداشلار، بۈگۈن ئىسراپ قىلىنىۋاتقان بۇ نەرسىلەر سىلەرنىڭ. شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى پېشانەڭلاردىن تەر ئاققۇزغان سىلەر يەڭلار. جەڭچىلەر. مەن سىلەرگە بۇيرۇق بېرىمەن: دەر- ھال بۇ تاماقنى يەڭلار. بۇيرۇق!

جەڭچىلەر بىلەن خىزمەتچىلەر ئاخىر تاماقنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئەپسۇسكى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ تاماققا ئېغىز تەگمىدى. ئۇلار ئۆزلىرى تەييارلىۋالغان سەپەر ئوزۇقىنى يېدى - دە، غۇلجىغا قاراپ يۈ- رۈپ كەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا غۇلجىدىن بورتالاغا بىر تەك- شۈرۈش ئۆمىكى كېلىپ ھېساباتنى ئېنىقلىدى ھەمدە خەلقنىڭ پىكرىگە ئاساسەن بورتالا ھاكىمىنى يېڭىدىن سايلاپ چىقتى.

(بۇ ھېكايىنى سۇلتان ھاشىم سۆزلەپ بەرگەن)

گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بىر قىسىم نادان زالىم خەنزۇلارنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئۇلار يەرلىك خەلقنى خورلاپ، كەمسىتىپ خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلغاچقا، يەرلىك خەلقنىڭ سەۋرى - تاقىتى تۈگەپ ئاخىر ئىنقىلاب قوزغاپ ئۇلارنى يوقاتتى. لېكىن ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى بىر مەزگىلىدە بىر قىسىم نادان، تار پىكىرلىك كىشىلەر پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنى دۈشمەن دەپ تەرغىب قىلدى. خەلقىمىز قولىغا قورال ئېلىپ غۇلجا، سۈيدۈڭدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى تارمار قىلغان ۋاقىتلىرىدا پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئوخشاش ھېسابلاپ، ئۇلارنى ئاز سانلىق پارىخور گومىنداڭ خەنزۇ ئەمەلدارلىرى، گومىنداڭنىڭ بۇلاڭچى ئەسكەرلىرى ۋە گومىنداڭ خەنزۇ ساقچى ھەم ساقچى ئەمەلدارلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ھەممە خەنزۇ ئوخشاش دۈشمەن دېگەن خاتا قاراشتا بولدى. ھالاكەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «ئالتە ئۇغرى خەنزۇ خەلقىنى يوقاتماقچى» دەپ چۇقان سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتتى. دوست بىلەن دۈشمەن ئارىلىشىپ كەتتى. بىز ھەرگىز خەنزۇ خەلقىگە قارشى تۇرمايمىز. ھاكىمىيەت بېشىدىكى مۇستەبىت خەنزۇ ئەمەلدارلارغا قارشى تۇرىمىز. ئۇلار خەنزۇ مىللىتىگە ئەمەس، ئەزگۈچى سىنىپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئەمگەكچى خەنزۇ خەلقى بىزنى قوللىدى. ئۇرۇمچىدىكى بىر تۈركۈم خەنزۇ خەلقىنىڭ 1945 - يىلى بىزنىڭ ماناستىن ئۆتۈشىمىزنى كۈتۈپ ئۇرۇمچىدىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلىشقا ھازىر بولغانلىقى ۋە بىتىمدىن كېيىن ئەكسىيەتچى سىياسەتكە قارشى بىز بىلەن بىرگە كۈرەش قىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ ئەكسىچە، مىللەتدىشىمىز سېيىت ئەخمەت

مەكتەپىدە پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن خەنزۇ ئوقۇتقۇچى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ھەيران بولاتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، ئۇلاردىن ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى - بۇنى سورايتتى، سىنىپ ۋە ئوقۇتۇش سايمانلىرىنىڭ تولۇق ياكى كەمچىللىكىنى تەكشۈرەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمىتىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلاتتى. شۇڭا ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى تونۇپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى بىرەر مەكتەپكە كەلسىلا ئۇلار چاۋاك چېلىپ كۈتۈۋالاتتى. قايتىشىدا بولسا چوڭ يولغىچە ئۇزىتىپ چىقاتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ نازارىتىنىڭ بىر تەرجىمانى بىلەن بۇ خەنزۇ مەكتەپكە يەنە بىر قېتىم كەلدى، ئۇنىڭ كېلىشىدىن مەكتەپمۇ ئالدىن خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئالدىن خەۋەر بەرگەنىدى.

مەكتەپ زالىغا بۇ مەكتەپتىكى پۈتۈن خەنزۇ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا شەھەر ئىچىدىكى بىر قىسىم خەنزۇلارمۇ يىغىلغان ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى مانچېستىر دوپپا بىلەن سەھنىدە ئولتۇرۇپ دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدە سۆزلىدى. ئالدىن جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىرىنى سۆزلەپ كونا دۇنيانىڭ چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ يېڭى بىر دۇنيانىڭ — ئادالەتلىك بىر جەمئىيەتنىڭ يارىتىلىۋاتقانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەردى. تەرجىمان ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى تەپسىلىي تەرجىمە قىلىپ بولغانىدىن كېيىن، ئۇ ئاساسىي گەپكە — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئۆتتى.

— تارىختىن بۇيانقى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت، بولۇپمۇ

جانلىق پاكىتلار بىلەن سۆزلىشۈندى، پۈتۈن يىغىن زالىنى گۈلـ دۈراس چاۋاك سادالىرى قاپلاپ كەتتى.

(بۇ ھېكايىنى ئەنۋەر ئەزىزى سۆزلەپ بەرگەن)

## ئازادلىق ئوردېنى

ئەخمەتجان قاسىمى ئىنقىلابتىكى زور تۆھپىلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەتتە قېتىم ئورـ دېن ـ مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى. لېكىن ئۇ مەيدىسىگە دائىم «ئازادلىق» ئوردېنىنىلا تاقاپ يۈرەتتى.

1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. «ئىتتىپاق» تىـ كى، خىزمەتچىلەر غۇلجا شەھىرىدە داغدۇغىلىق كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ياشلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ھەممىدىن كۆپ ئورەك كولىدى. ئۇ كەتـ مەن چېپىشتا ئاجايىپ چەبدەس ئىدى.

دەم ئېلىش ۋاقتىدا ياشلار ئەخمەتجان قاسىمنى چۆرىـ دەپ ئولتۇرۇپ، ۋەزىيەت ھەققىدە ئۇنىڭدىن كۆپلەپ سوئال سوـ راشتى. ئەخمەتجان قاسىمى خۇددى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردەك تەمكىن ئولتۇرۇپ، ئاجايىپ ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ياشلارغا دۇنيا ۋەزىيىتىنى چۈشەندۈرەتتى. دەل شۇ چاغدا بىر ياش ئوبىلمىشقان يەردىن بىر سوئالنى سوراپ قالدى:

— ئەخمەت ئەپەندىم، — دېدى ئۇ، — سىز ناھايىتى جىق ئوردېنلار بىلەن مۇكاپاتلاندىڭىز، ئەجەبا باشقىلارنى تاقىماي، دائىم مۇشۇ «ئازادلىق» ئوردېنىنىلا تاقايدىكەنسىز؟

بۇ سوئال باشقىلارنىمۇ قىزىقتۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىچ ـ ئىچىدىن ھوزۇرلىنىپ بىر كۈـ لۈمسىرىۋالدى. ئۇ تازا ھوزۇرلىنىپ كۈلگەندە كۆزلىرى نۇرلىـ نىپ، چىرايىنى تەبەسسۇم قاپلايتتى.

كۆچاردا خەلقنىڭ قېنىنى تۆكتى. مىللەتداش ئوسمان ئالتايدا قان تۆكۈپ خەلقنى ۋەيران قىلدى. شۇڭا كېسىپ ئېيتىمىزكى، بىر مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى ياكى ھەممىسىنىڭ يامان بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ شۇ مىللەتكە ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەندىنمۇ ئېغىر بالايى-ئاپەت كەلتۈرىدىغان مۇناپىقلار بولىدۇ. يات مىللەت ئىچىدە باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن تەڭداشسىز نىجاتلىق يارىتىدىغان ئىنسانلارمۇ بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار، داھىيلار، ئالىملار، دوختۇرلار شۇنداققۇ؟ ئېينىشتېيىن ئېلېكترنى ئىجات قىلىۋىدى، دۇنيادىكى پۈتۈن مىللەتلەر كېچىنى يورۇتىدىغان بىر سۈنئىي قۇياشقا ئېرىشتىغۇ؟ دوختۇرلارمۇ مىللەت ئايرىماي ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى قوغدايدىغۇ؟

ئەخمەتجان قاسىمى سۆزىنى توختىتىپ ئالدىدىكى چاشكىغا قۇيۇلغان چاينى ئىچىشكە باشلىدى. تەرجىمان ئۇنىڭ سۆزىنى تولۇق تەرجىمە قىلىۋىدى، كىشىلەرنىڭ چىرايىنى ھاياجان قاپلاپ، ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— ئەگەر بىر مىللەت ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كەتسە، ئۇ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ. دوستى يوق بالىلاردەك يېتىمسىرايدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق مىللەتنى گۈللەندۈرىدۇ، دۈشمەنلىشىش مىللەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «باشقا خەلقلەرنى ئەز-گەن خەلقنىڭ ئەركىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!»

ئەخمەتجان قاسىمى يېقىندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىرلا مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ئەمەس، شىنجاڭدىكى پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق، باراۋەرلىك ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىنقىلابى ئىكەنلىكىنى، خەنزۇ خەلقى بۇ ئىنقىلابنىڭ دۈش-مىنى بولماستىن، بەلكى تايانچلىق كۈچلىرىدىن ئىكەنلىكىنى

يالقىن دوستلىرىنى چاقىرىپتىكەن، شۇ يەرگە مېھمان بولۇپ كەتتى دەيدۇ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆي ئىگىسى ۋە مېھمانلارنىڭ قورۇنۇشىنى كۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، — مەنمۇ شائىرنىڭ ئاغىنىسى بولغانلىقىمدىن چاقىرمىسىمۇ باراي دەپ ئۆزۈم كەلدىم. قانداق ئاغىنىلەر، كەلگىنىم بوپتىمۇ؟

مېھمانلار پاراققىدە كۈلۈشتى - دە، ئەخمەتجان قاسىمىنى خۇشاللىق بىلەن تۆرگە ئۆتكۈزدى. ساھىبخان شۈكۈر يالقىندىكى خىجىللىقمۇ بىردىنلا تاراپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆزىنى دوست ساناپ ئۆيىگە ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ يايراپ كەتتى، شۇ كۈنى مېھماندارچىلىق خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئەمما، بۇ ئولتۇرۇشنى مېھماندارچىلىق ئەمەس — مائارىپ ئىشلىرىنىڭ بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنى دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە مېھمانلاردىن پىكىر ئالدى. ئۇلارغا تەكلىپ بەردى. ئۇلارنى ئېخىمۇ روھلاندۇردى.

ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتتى، بىر كۈنى شائىر شۈكۈر يالقىن جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ كىتابخانىسىدىن رۇسچە كىتابلارنى تاللاپ سېتىۋېلىۋاتاتتى، بىر كىشى تويۇقسىز ئۇنىڭ مۈرىسىنى يېنىككىنە بېسىپ، مېھربانلىق بىلەن:

— شۈكۈر ئەپەندى، قانداق كىتاب ئالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. شائىر ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلۈپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆردى ھەمدە ئۆزى ئالغان پۇشكىن، گوركىي، لېرمونتوۋلارنىڭ رۇسچە ئەسەرلىرىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرسەتتى.

— ياخشى، ياخشى، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئەڭ مەززىلىك ناماق يېگەنگە باراۋەر، شۇڭا كىتابنى تاللاپ ئوقۇش كېرەك.

— مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە مىللىي مائارىپنى شىڭ شىسەي دەۋرىدىكىچىلىك گۈللەندۈرەلمىسەك خەلق ئالدىدا سوراققا قالىمىز!

ئۇ يەنە شۇكۇر ئەپەندىگە خەلققە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇتۇش ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆپلەپ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. شائىر شۇكۇر يالقىن مائارىپقا بۇنداق كۆڭۈل بۆلىدىغان رەئىسنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدى. ئۇ بۈگۈن ئۆزىگە شۇنداق چوڭ بىر يۆلەنچۈك تېپىۋالغىنىغا تولىمۇ خۇشال ئىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. بىر يەكشەنبە كۈنى شائىر شۇكۇر يالقىن غۇلجىدىن كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىچىدىكى ساۋاقداش ۋە ئاغىنىلىرىنى مېھمانغا چاقىردى. ئەسلىدە ئۇ بۇ زىياپەتكە ئەخمەتجان قاسىمىنى ئالاھىدە چاقىرماقچى ئىدى. ئەمما ئۇنى ئىككى سەۋەب دېلىغول قىلىپ قويدى. بىرى — رەئىس بىلەن تونۇشۇپلا مېھمانغا چاقىرسا ئۇ كىشى قانداق ئويلاپ قالار، بەزىلەر خۇشامەت قىلدى، دەپ گەپ تاپىچۇ؟ يەنە بىرى — رەئىسنى بەك ئالدىراش دەيدۇ. چاقىرغان بىلەنمۇ كېلىشى ناتايىن. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇ ئاخىر ساۋاقداشلىرى بىلەن دوستلىرىنىلا چاقىرىپ ئەخمەتجان قاسىمىنى ھازىرچە چاقىرماسلىق قارارىغا كەلدى.

ئولتۇرۇش تازا قىزىغانىدى. مېھمانلار ئۆز ئارا مۇڭدىشاتتى، ناخشا ئېيتاتتى، تانسا ئوينايتتى. ئاياللارمۇ كەينى - كەينىدىن كىرىپ تۇراتتى. تۇساتتىنلا ئىشىك چېكىلىپ، ئۆيگە ئەخمەتجان قاسىمى كىرىپ كەلگەندە ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. بولۇپمۇ ساھىبخان شۇكۇر يالقىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

— سەيپىدىن ئەپەندىنى ئىزدەپ ئۆيىگە كىرسەم، شۇكۇر

— شۇكۇر يالقىن، — دېدى شائىر.

ئەخمەتجان قاسىمى كۆزىنى يېرىم يۇمغان ھالدا بىر نەرسىنى لىپپىدە خىيال قىلدى - دە، خۇشاللىق بىلەن دېدى:

— ھە، ھە، يېقىندا شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلغان مائارىپ توغرىسىدىكى ھېلىقى ماقالىنى يازغان شۇكۇر ئەپەندى سىز بولىدىكەنسىز - دە؟!

— ھەئە، — دېدى شائىر قىسىنىپراق.

— بەلەن بولدى، بەك بەلەن بولدى، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى تېخىمۇ قىزغىن ھالدا، — مەن سىزنى ئىزدىمەكچى ئىدىم. بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئوڭ كەلگىنىنى قاراڭ.

ئۇ شۇكۇر يالقىن بىلەن باشقىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

دەرۋەقە بۇنىڭدىن 20 كۈنچە ئىلگىرى شۇكۇر يالقىن شىنجاڭ گېزىتىدە شىنجاڭدا مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە، بىر ماقالە ئېلان قىلغانىدى. رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ماقالىنى قىزىقىپ ئوقۇغان ۋە ئاپتورنى ئىزدىمەكچى بولغانىدى. بىراق، بۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇندا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن دەيسىز؟ شائىر شۇكۇر يالقىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نامىنى خېلى كۆپ ئاڭلىغان، بىرنەچچە قېتىم سىرتتىن كۆرگەن بولسىمۇ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ باقمىغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى پۈتۈن زېھنىي بىلەن مائارىپ ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى. ئۇ، ھەر بىر مەھەللىلەرگىچە باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇشنى، ناھىيىلەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كۆپەيتىشنى. شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپلەردىن بىرنەچچىنى، بولۇپمۇ مېدىتسىنا ئىنستىتوتىدىن بىرنى قۇرماي بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ شۇنداق دېدى:

— يىگىت، — دېدى ئۇ ھېلىقى ياشنىڭ مۇرىسىگە قېقىپ،— ئىنسان ئۈچۈن جاھاندا ئازادلىقتىن ئۇلۇغ، ئازادلىقتىن بەختلىك نەرسە يوق. تۆمەن مىڭ يوقسۇللار قاتارىدا مەنمۇ ئاشۇ ئازادلىققا تەشنا... ھازىر پېرىم ئازاد بولدۇق، يەتتە ۋىلايەتتىكى خەلقىمىز يەنىلا ئازاب ئىچىدە ھوقۇقسىز، ئەركىنسىز قۇل بولۇپ ياشاۋاتىدۇ... ئۇلار بۇ ئازادلىققا بىزدىنمۇ بەتتەر تەشنا. بىز ئاشۇ ئازادلىق ئۈچۈن مىلتىق كۆتۈرۈپ كۈرەش قىلىۋاتىمىز. شۇڭا مەن ئازادلىقنى ھەممىدىن ئارتۇق بىلىمەن، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن. شۇڭا بۇ «ئازادلىق» ئوردېنىنىمۇ مەيدەمدىن چۈشۈرمەيمەن!

ئازادلىق ھەققىدىكى بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياشلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەيدىسىدىكى ھېلىقى «ئازادلىق» ئوردېنىغا باشقىدىن ھەۋەس بىلەن قاراشتى. «ئازادلىق» ئوردېنى بولسا قۇياش نۇرىدا ئالتۇن نۇر چېچىپ تېخىمۇ چاقناشقا باشلىدى.

(بۇ ھېكايىنى ئەرشىدىن تاتلىق سۆزلەپ بەرگەن)

## دوستلۇق

1946-يىلى ئەتىياز پەسلىدە شائىر شۈكۈر يالقىن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ يېڭى مېھمان بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇنى ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇنغا — تۆرگە تەكلىپ قىلدى. شائىر ئۇنى تونۇغاچقا، خۇشاللىق بىلەن رەھمەت ئېيتىپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. ئۇلار خۇددى قەدىناس دوستلاردەك يەنە بىر قېتىم ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى سورىدى:

— ئىسمىڭىز كىم بولىدۇ؟

لاھاتى ھەققىدىكى بىر پارچە رۇسچە كىتابىنىمۇ سوۋغا قىلىمەن.

ئەخمەتجان قاسىمى نەنجىڭ، شاڭخەيلەردىكى مائارىپ ئەھۋالىنى بىردەم سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئالدىراش كېتىپ قالدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە شائىر شۈكۈر يالقىن ئۆيىدىن چىقىپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا كەينى تەرەپتىن بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىدىن: «شۈكۈر ئەپەن-دىنىڭ ئۆيى نەدە؟» دەپ سورىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۈكۈر يالقىن ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ ئۆز قوشنىسىدىن گەپ سوراۋاتقانلىقىنى كۆردى. قوشنىسىمۇ ھېلىقى جەڭچىگە:

— ئەنە، ئاشۇ كىشى شۈكۈر ئەپەندى بولىدۇ، — دېدى.

جەڭچى چەبدەسلىك بىلەن شائىرنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئىككى پۇتىنى تاقىدە جۈپلەپ ھەربىيچە سالام بەردى. ئاندىن چوڭ بىر لىپاپىنى: «ئەخمەت ئەپەندىم سىزگە ئەۋەتتى» دەپ شائىرغا تۇتتى.

شائىر لىپاپىتىن بىر تال قەلەم بىلەن بىر دانە كىتابنى ئالدى. كىتاب ئىچىدە ئىككىلىك خەت تۇراتتى. شائىر خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى، خەتتە: «شۈكۈر ئەپەندى، دوستلۇقىمىز ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلغايسىز — دوستىڭىز ئەخمەت-جان» دەپ يېزىلغانىدى. شائىرمۇ بىر پارچە قەغەزگە ئىككىلىك خەت يازدى: «سوۋغىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ھىممىتىڭىزگە كۆپ رەھمەت — دوستىڭىز شۈكۈر يالقىن»

جەڭچى خەتنى ئېلىپ يەنە بىر سالام بەردى-دە، كەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي گومىنداڭ تەرەپ «11 ماددىلىق بىتىم» نى بۇزدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى-نى باشلاپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۈكۈر يالقىن ئەخمەتجان

ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق دېدى - دە، ئۆزىمۇ كىتاب تاللاشقا باشلىدى. ئۇ ئەدەبىيات ۋە پەلسەپەگە ئائىت كىتابلار-دىن ئۈچنى ئالدى - دە، پۇل تۆلەپ بولۇپ تالۇنغا قول قويماقچى بولدى. ئەمما يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ قەلەم تاپال-مىدى. ئاندىن يېنىدا كىتاب ۋاراقلاۋاتقان شۈكۈر يالقىنىدىن قەلەم سورىدى.

— مانا ئەپەندىم، — دېدى شۈكۈر يالقىن قەلىمىنى سۇنۇپ.

ئەخمەتجان قاسىمى تالۇنغا قول قويۇپ بولۇپ قەلەمنى شۈكۈر يالقىنغا ياندۇرۇپ بەردى. شۇ ئارىدا شائىر شۈكۈر يال-قىنىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمغا بىر چاقچاق قىلىۋالغۇسى كەلدى - دە، ئۆتكەنكى چاقچاقنى ياندۇرۇپ مۇنداق دەۋالدى:

— ئەپەندىم، نەنجىڭغا يېقىندا بېرىپ ئېلىپ كەلگەن ئامېرىكانچە ئېسىل قەلەملەرنى خېلى كۆپ ئاغىنىلىرىگە ھەدى-يە قىلىپلا، بىز ئاغىنىلىرى ئەمەس ئوخشايمىز. شۇڭا بىزگە ئۇ قەلەملەردىن ھەدىيە قىلمىدىلا.

بۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلىنغان چاقچاقتىن ئەخمەت-جان قاسىمى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— چاقچاقنى ياندۇرۇۋالدىڭىز - ھە! بىراق، مەن سىزنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. سىزنى تېخىمۇ كۆپ ماقالە، شېئىر يازسۇن دەپ ياخشى بىر قەلەم ئەكەلدىم. قايتىپ كەلگەن ئون نەچچە كۈندىن بۇيان ئىش بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، سىزنى ئىزدى-يەلمىدىم. بۈگۈن ئۇ قەلەم پورتفېلىمدا قاپتۇ. مەدەنىيەتلىك ئەللەردە كىشىلەر ئەڭ يېقىن كىشىسىگە كىتاب، قەلەم تەقدىم قىلىشىدۇ. مەن سىزگە شاڭخەيدىن ئالغاچ كەلگەن مائارىپ ئىس-

قاسىمى بىلەن يەنە بىر كۆرۈشۈشكە شۇنچە ئىنتىزار ئىدى. لېكىن، ئۇ بار چاغدا نەچچە ئىزدەپ بېرىپمۇ كۆرۈشەلمىدى. بۇ چاغدا گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغانلارنى تۇتقۇن قىلىۋاتاتتى. رەئىس ئالدىراشلىقىدىن كۆرۈشەلمەي كەتتىمۇ ياكى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ شائىر دوستىنى كەلگۈسى خەتەردىن ئاسرىدىمۇ، ئىشقىلىپ ئىككى دوست شۇ قېتىمقى ئايرىلىشتا كۆرۈشەلمىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە شائىرنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن قايتا كۆرۈشۈش ئۈمىدى ئېخىمۇ ئۇلغايدى. بىراق، زۇلمەتلىك تۈن چېكىگە يېتىپ، تاڭ سۈزۈلۈۋاتقان ئازادلىق ھارپىسىدا ئۇنىڭ تەلپۈنگەن دوستىدىن مۇسىبەت خەۋىرى كەلدى.

شائىرنىڭ قەلبى ئۆرتەندى.

(بۇ ھېكايەنى شائىر شوكۇر يالقىن سۆزلەپ بەرگەن)



مۇقاۋىنى رىزۋان ئىشلىگەن


**艾合买提江·哈斯木的故事（2）**（维吾尔文）

编著：阿布都热合曼·艾白

责任编辑：艾海提·阿西木

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷

850×1168毫米 32开本 4印张 7插页

1986年10月第1版 1987年7月第1次印刷

印数：1——20500

---

书号：M10098·1142 定价：1.20元